
ئوبۇلهاشىم قاسىم قايناق



# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

2



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق

# ياغاچچىلىق تېخنىكىسى

2



شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

木工技术.2：维吾尔文/吾不力阿西木·卡斯木编著.—乌鲁木齐：新疆科学技术出版社，2012.3

ISBN 978-7-5466-1364-2

Ⅰ.①木…  Ⅱ.①吾…  Ⅲ.①木工—基本知识—维吾尔语（中国少数民族语言）  Ⅳ.①TU759

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第050843号

پىلانلىغۇچى: ئىبراھىم سەمەن
تەشكىللىگۈچى: ئابلەت جۇمە تۇپراق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلەت بەكرى
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلناز مۇھەممەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: خەمىدە سەئىدئالىم

**ياغاچچىلىق تېخنىكىسى (2)**

* * *

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 255 № پوچتا نومۇرى: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى لوگىيدا باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230mm × 880mm 1/32 باسما تاۋىقى: 7.5
2011 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2011 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN 978 - 7 - 5466 - 1364 - 2
باھاسى: 22.00 يۈەن

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا، ئۆلمەس مەدە-
نىيەت ئاساسىغا ئىگە.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئەلمساقتىن تارتىپ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە
ئۇستازلار شاگىرتلارغا ئۆگىتىش ـ ئۆگىنىش بىلەن بۇ كەسىپنى
داۋاملاشتۇرغان ۋە مول تەجرىبە توپلاپ، يېڭى ـ يېڭى تۈرلەرنى ئىجاد
قىلىپ، ئۆزىمىزگە خاس ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىسىنى بار-
لىققا كەلتۈرگەن ھەمدە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى، ئىشلەپچىقى-
رىش ۋە زاماننىڭ تەققەزاسىنى چىقىش قىلغان ئاساستا سانسىزلىغان
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغان. ئالايلۇق، ئۆي سېلىش، ئۆينىڭ تام ـ
تورۇسلىرىنى بېزەش، ئاشخانا سايمانلىرى ۋە تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش،
پىششىقلاپ ئىشلەش بۇيۇملىرىنى ھەمدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان
گۈل ـ نەقىش، ئاسار ئەتىقە مودېللىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇ ئارقى-
لىق بۇ كەسىپ بىزنىڭ مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە خاسلىقىمىزغا بىرى-
كىپ، مەدەنىيەت ئاساسىمىزنى بېيىتىپ ۋە پۇختىلاپ، پۈتۈن بىر مىل-
لەتنىڭ تۇرمۇش، ياشاش قاتلاملىرىغا بىرىكىپ، مىللەت روھىيىتى بىلەن
سىڭىشىپ، مەڭگۈ بىللە تۇرىدىغان، بىللە مەۋجۇت بولىدىغان ئۇتۇقنى
ياراتقان.

بىزدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىدىغان ۋە
ئۆگىتىدىغان نۇرغۇن رىسالىلەر بار بولۇپ، ئۇلار تىللاردا يادلىنىپ
كەلدى. بۇلارنىڭ ئاجايىپ قىممىتىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەيمىز،
ئەلۋەتتە. لېكىن، نۇرغۇن رىسالىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئېھتىياجىغا ماسلى-
شىشى يېتەرلىك بولمىدى. چۈنكى ھازىر ياغاچچىلىق ئىشلىرىدىمۇ پىش-
شىقلاپ ئىشلەش بارلىققا كېلىپ، قۇراشتۇرۇسلا بولىدىغان ھالەت شە-
كىللەندى. بۇ ياغاچچىلىقنى زور ئىستىقبالغا ئىگە قىلدى. ئەمما ياساش

كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن نۆۋەتتىكى تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى يە-نىلا ياغاچچىلىق ھۈنەر - تېخنىكىسىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى تۈرلىرىنى ئىجاد قىلىشنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، يەنىلا ياغاچچىلىق كەسپىي بىلىملىرىنى داۋاملىق ئۆگىنىشكە، تەتبىقلاشقا، ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ياغاچچىلىق كەسپى ۋە بۇ كەسپ بازىرىنىڭ دائىرىسى بەكمۇ كەڭ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستىقبالى پارلاق. چۈنكى زاماننىڭ تەرەق-قىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ياغاچچىلىققا بولغان ئېھتىياج، تەلەپ ئېشىپ بارىدۇ. مۇشۇنداق ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان قولىڭىزدىكى «ياغاچچىلىق تېخنىكىسى» ناملىق كىتاب كەڭ ئۆگەنگۈچى - ئۆگەت-كۈچىلەرنىڭ ياغاچچىلىق كەسپىنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى قىيىنچىلىقىنى تولۇق ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ كىتابنىڭ خاسلىقى خالىس ئۇستاز بولۇشتەك ئومۇمىيلىقىدا. چۈنكى كىتابتىكى تېخنىكىلىك ئۇ-سۇللارنى ئوقۇپ، شۇ بويىچە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىسىڭىزلا ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى بىمالال ئۆگىنەلەيسىز.

شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى
2011 - يىل 11 - ئاي

# ئاپتوردىن

ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى پەن - تېخ-
نىكا ۋە ھۈنەر - كەسىپكە بولغان ئېھتىياجنى ئاشۇردى. 1990 - يىللار-
دىن كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ناھىيە - شەھەرلىرىدە
كەسىپىي تولۇق ئوتتۇرا، يېزىلاردا كەسىپىي تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلىرى
قۇرۇلدى ھەمدە ئۇنىڭدا ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە تەربىيەلەنگەن ئو-
قۇغۇچىلار ئۆگەنگەن ھۈنەر - كەسىپلىرى بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتى.
شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرمۇ كۆپەيدى. لېكىن ئۆ-
گەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ماس كېلىدىغان،
سىستېمىلاشقان ئۆگىنىش ماتېرىيالىنىڭ كەم بولۇشى كەسىپىي - تېخ-
نىكا مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىنى قىسمەن چەكلەپ قويىدى. شۇڭا، مەن
1991 - يىلدىن 2006 - يىلغىچە بولغان 15 يىل جەريانىدا يېڭىسار نا-
ھىيەلىك كەسىپىي - تېخنىكا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قى-
لىش جەريانىدا، باشقىلارنىڭ مۇشۇ ھەقتىكى نەزەرىيە كىتابلىرى ۋە يەر-
لىك ئۇستىلارنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن، «ياغاچچىلىق تېخنى-
كىسى» نى تۈزۈپ، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت دەرسى قىلىپ ئۆتكەنىدىم. بۇ
قېتىم بۇ ئىككى قىسىم كىتابنى تۈزۈشتە ئۆزۈم 15 يىل ئەمەلىي ئىشلەش
جەريانىدا توپلىغان تەجرىبەمنى ئاساس قىلىپ، كىم بولسۇن قولغا ئال-
سىلا ياغاچچىلىقنى ئۆگىنەلەيدىغان قىلىپ يېزىپ چىقتىم. شۇڭا، بۇ كى-
تاب ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە كەسىپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ،
تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ياغاچچىلىق ئۇستىكارلىرىنىڭ
ئۆگىنىش ۋە قوللىنىشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ.

كىتابنى تۈزۈشتە ئۆگىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئاددىيلىقتىن
مۇرەككەپلىككە قاراپ، ياغاچچىلىق ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىشتىن، ئاددىي

ئۆي جاھازلىرىنى ياساشقىچە، ئاددىي ئۆيلەرنى يېپىشتىن ئالىي دەرىجە-
لىك ئۆيلەرنى يېپىش ۋە زىننەتلەشكىچە بولغان ھۈنەر تۈرلىرىنى سۆز-
لەش، چېرتيوژ ئارقىلىق كۆرستىش، ئەمەلىيەت ئارقىلىق چۈشەندۈ-
رۈشنى زىچ بىرلەشتۈردۈم. كىتابتا يەنە ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان يا-
غاچچىلىققا ئائىت بىلىملەرنى قوشۇمچە قىلغاندىن باشقا، كەسپىي مەك-
تەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىروگراممىسىغا ئاساسەن، ھەربىر ئوقۇش يىلىنى
34 ھەپتە، ھەر ھەپتىسىگە تۆت سائەتتىن نەزەرىيە دەرسى ئۆتسە بو-
لىدۇ دەپ قاراپ، يىلىغا 136 سائەتتىن، ئىككى يىلدا ئۆتۈلىدىغان 272
سائەت دەرسكە لايىقلاشتۇردۇم. ھەربىر بابتىن كېيىن 2 ~ 6 سائەت
دەرس ئىچى ئەمەلىي مەشىق، ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرىنى
كىرگۈزدۈم.

ياغاچچىلىق تۈرى كۆپ، مۇرەككەپ كەسىپلەرنىڭ بىرى بولغاچقا،
مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم چەكلىك. ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ قىممەتلىك پىكىر-
لەرنى بېرىشىنى سورايمەن.

ئوبۇلھاشىم قاسىم قايناق
2010 - يىل سېنتەبىر، يېڭىسار

# مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب ئادەتتىكى ھەرخىل سايمانلارنى ياساش ئۇسۇللىرى**........1
§ 1 . ھەر خىل ساپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........1
§ 2 . ھەر خىل قېلىپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........3
§ 3 . ئېشەك ھارۋىسى ۋە ئۇنىڭ جابدۇقلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى...4
§ 4 . ھەر خىل ئوقۇر، كاتەكلەرنى ياساش ئۇسۇللىرى........7
§ 5 . ھەر خىل ئاشخانا سايمانلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........8
§ 6 . ھەر خىل شوتىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........10
§ 7 . ھەر خىل گەرنىزلەرنى ياساش ئۇسۇلى........12
§ 8 . كىيىم ئاسقۇچلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........13
**ئىككىنچى باب ھەرخىل ئورۇندۇق، ئۇستەل ۋە سافالارنى ياساش ئۇسۇللىرى**........16
§ 1 . ھەر خىل ئورۇندۇقلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........16
§ 2 . ھەر خىل ئۇستەللەرنى ياساش ئۇسۇللىرى........23
§ 3 . ھەر خىل چاي ئۇستەللىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........31
§ 4 . ھەر خىل سافالارنى ياساش ئۇسۇللىرى........35
§ 5 . نەقىشلىك سافالارنى ياساش ئۇسۇللىرى........39
**ئۈچىنچى باب ھەرخىل ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى**...42
§ 1 . ھەرخىل قىسقا ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........42
§ 2 . ھەرخىل كىتاب ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........46
§ 3 . ھەرخىل بۆلۈك ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........51
§ 4 . ھەرخىل كىيىم ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........54
§ 5 . ئېگىز - پەس ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى........58
§ 6 . ھەر خىل تام ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........60

7 § . ھەر خىل ئىشكاپلارنىڭ ئىشىك، تارتما، بولۇڭلىرى ئۈستىگە ئىشلىتىلىدىغان نەقىش ئۆرنەكلىرى........................62
**تۆتىنچى باب ساندۇق، كات ۋە كارىۋاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى**...72
1 § . ئادەتتىكى ياغاچ ساندۇقنى ياساش ئۇسۇلى..................72
2 § . تۇنكە (قەلەي) مىخلانغان ساندۇقنى ياساش ئۇسۇلى.........72
3 § . بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ساندۇقلارنى ياساش ئۇسۇلى..........................................74
4 § . ھەرخىل چوڭ كاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى...................76
5 § . ھەرخىل كارىۋاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى...................77
**بەشىنچى باب ھەرخىل بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى**..........................................83
1 § . پاكار بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى...............83
2 § . ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى..............84
3 § . ھەر خىل گىرىم جاھازلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى...............86
**ئالتىنچى باب ھاۋادان ۋە ئىشىك - دېرىزىلەرنى ياساش ئۇسۇللىرى**..........................................89
1 § . ھەرخىل ھاۋادانلارنىڭ كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى...89
2 § . ھاۋادانىنىڭ راملىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى.................91
3 § . ھەرخىل ئىشىك كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى..........93
4 § . ئىشىك كېشىكى يانلىرىغا ئويۇلىدىغان ھەر خىل نەقىشلەر . . .98
5 § . ھەرخىل ئىشىك قاناتلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى.........101
6 § . ئىشىك تاختىلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى.....................109
7 § . ئىشىك تاختىلىرىنىڭ ھەر خىل نەقىشلىرى.................111
8 § . ھەرخىل دېرىزە كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى.........115
9 § . دېرىزە راملىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى..........................117
**يەتتىنچى باب ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇللىرى**...........................................121
1 § . ياغاچ تاللاش ۋە تىلدۇرۇش ئۇسۇللىرى.....................121

2 § . لىم ۋە جەگىلەرگە ياماق سېلىش ئۇسۇلى........124
3 § . چاتما تەييارلاش ئۇسۇللىرى........125
4 § . چاتمىنىڭ ئۈستىگە جەگە تىزىش ۋە پەرمان قېقىش ئۇسۇلى...127
5 § . ۋاسا تەييارلاش ۋە ۋاسا تىزىش ئۇسۇلى........127
6 § . ئاددىي پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇللىرى........128
7 § . پېشايۋان لىملىرىنى ئۇلاش ئۇسۇللىرى........131
8 § . ئاددىي پېشايۋانلارنى قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى........133
9 § . پېشايۋان يېپىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........135
10 § . قوش پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇللىرى........135

**سەككىزىنچى باب ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇلى**........138

1 § . ياغاچ تاللاش ۋە تىلدۇرۇش ئۇسۇللىرى........138
2 § . تۈرلۈك باسمىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى........140
3 § . جەگە راسلاش ئۇسۇللىرى........146
4 § . ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى......151
5 § . ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ ئالاھىدە تۈۋرۈكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى........159
6 § . لىم ۋە چاتمىلارغا باسما مىخلاش شەكىللىرى........161
7 § . چاتمىلارنىڭ يۈزىگە، لىملارنىڭ يانلىرىغا ئويۇلىدىغان بىر قىسىم نەقىش شەكىللىرى........164
8 § . باسما مىخلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار........167
9 § . جەگىگە ۋاسا تىزىش ئۇسۇلى........167

**توققۇزىنچى باب ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ تورۇسىغا پەنەركە چاپلاش ئۇسۇللىرى**........170

1 § . تورۇسقا پەنەركە چاپلاش ئۇسۇللىرى........170
2 § . پېشايۋانلارنىڭ تورۇسىغا پەنەركە چاپلاش ئۇسۇلى........178
3 § . ئۆي ئىچىنى پەنەركە بىلەن بېزەش ئۇسۇللىرى........183
4 § . نەقىشلەرنى چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش ئۇسۇلى........184

5 § . نەقىش ئۆرنەكلىرى..........................186
**ئونىنچى باب سىرلاش ۋە ئەينەك سېلىش ئۇسۇللىرى......191**
1 § . سىرچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار..................191
2 § . زاماسكىلاشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار..................194
3 § . زاماسكا تەييارلاش ئۇسۇللىرى........................195
4 § . زاماسكىلاش ئۇسۇللىرى..............................196
5 § . قۇم قەغەز سۈركەش ئۇسۇلى..........................197
6 § . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سىرلار..........................198
7 § . سىر تەڭشەش ئۇسۇللىرى..............................202
8 § . سىرلايدىغان ئۆي جاھازلىرىنى بويايدىغان بوياقلار..........204
9 § . بوياقلار بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى بوياش ئۇسۇللىرى.........208
10 § . ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك ھەللەرنى بېرىش ئۇسۇللىرى...212
11 § . ئەستەر سىر ۋە پارقىراتقۇچى سىر بېرىش ئۇسۇللىرى......214
12 § . ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىلىرىنى
چىقىرىش ئۇسۇللىرى..............................215
13 § . تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇللىرى.......217
14 § . رەڭدار مەر - مەر تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش
ئۇسۇللىرى......................................218
15 § . چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇلى............221
16 § . ئەينەك كېسىش ۋە ئەينەك سېلىش ئۇسۇلى..............222


# بىرىنچى باب ئادەتتىكى ھەرخىل سايمانلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

## 1 § . ھەرخىل ساپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

كەكە، پالتا، كەتمەن، گۈرجەك قاتارلىقلارغا ياغاچتىن ياسالغان مۇۋاپىق ساپ بولغاندىلا ئاندىن ئۇلارنى ئىشلەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، ھەرخىل ساپلارنى ياساش ياغاچچىلىقتىكى مۇھىم ھۈنەرلەرنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**1. كەكە سېپى**

كەكە سېپى ئاكاتسىيە، ئالما، ئامۇت، ئۈجمە، بىيە قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ ياغاچلىرىدىن ياسىلىدۇ. كەكە سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 ~40 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن يۇقىرىقى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن ياسىلىدۇ. كەكە سېپى كەكە كۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، تۇتىدىغان تەرىپى سەل ئىنچىكە، كەكىنىڭ كۆزىگە چۈشىدىغان تەرىپى تومراق بولىدۇ.



1.1 ـ رەسىم. كەكە سېپى

**2. كەتمەن سېپى**

كەتمەن سېپىمۇ كەكە سېپىغا ئوخشاش ئاكاتسىيە، ئالما، ئامۇت، ئۈجمە، بىيە، جىگدە قاتارلىق قاتتىق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ.

كەتمەن سېپىمۇ كەتمەننىڭ كۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، ئۇچى تەرىپى ئىنچىكە، ئاستى تەرىپى توم، ئوتتۇرىسى ئۇچى تەرىپىدىنمۇ سەل ئىنچىكە قىلىپ ياسىلىدۇ. كەتمەن سېپىنى ياساشتا ئەڭ ياخشىسى ساپلىقنى تۆت قىر قىلىپ راسلىۋېلىپ، كېيىن ھەربىر قىرنى كەكە ياكى رەندىدە ئېلىۋېتىپ، ساپلىقنى تەدرىجىي يۇملاقلاش-

تۇرۇپ چىقمىز. ساپقا رەندە سالغاندا ساپنىڭ توم تەرىپىدىن ئۇچ تەرەپكە قارىتىپ رەندە سىلىش لازىم. ئەكسىچە ساپنىڭ ئۇچىدىن توم تەرەپكە قاراپ رەندە سالغاندا ياغاچنىڭ ئۆرۈشى تەتۈر كېلىپ، ساپلىق يېرىلىپ، سىلىقلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ. كەتمەن سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 120 سانتىمېتىر بولىدۇ. كەتمەن سېپى يەنە، چوڭ ياغاچلارنى تىلىپ كالتەك قىلىپمۇ ياسىلىدۇ. بۇنداق ياسالغان ساپلارنىڭ ئۆرۈشلىرى كېسىلىپ كەتكەن بولغاچقا كەتمەن سېپى چىرايلىق، سىلىق ياسالسىمۇ ئاجىز بولۇپ قالىدۇ. كەتمەننى قاتتىقراق چاپسا ياكى سەلپەل قايرىلسا ساپ سۇنۇپ كېتىدۇ.



2.1 - رەسىم.كەتمەن سېپى

### 3. گۈرجەك سېپى

گۈرجەك سېپى، گۈرجەكنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ، ئۇزۇن-قىسقا ياسىلىدۇ. يەر كولايدىغان، توپا ئۇسىدىغان گۈرجەكلەرنىڭ سېپى قىسقا، بۇغداي سورۇيدىغان، يەر تۈزلەيدىغان گۈرجەكلەرنىڭ سېپى ئۇزۇنراق بولىدۇ. گۈرجەكنىڭ سېپى سۆگەت، تېرەك بادىرلىرىدا ياسىلىدۇ. ئادەتتە گۈرجەك ساپنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 ~120 سانتىمېتىر بولىدۇ. سېپىنىڭ چوڭ ئۇچى گۈرجەككە ئورنىتىلىدۇ.



3.1 - رەسىم. گۈرجەك سېپى


ئومۇمەن ساپلىق قىلىنىدىغان ياغاچ قۇرۇق، قۇرت يېمىگەن، پورلاشمىغان، يېرىلمىغان شۇنىڭدەك پۇتاقسىز ياكى پۇتاقلىرى ئاز بولغان بولۇشى كېرەك.ساپ ياخشى، ئۆلچەملىك، قولغا ئەپلىشىپ كەلسە، ئىشلەتكەن كىشى ئاسان ھېرىپ قالمايدۇ. ئىش ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

# §2 . ھەرخىل قېلىپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

## 1. كۆمۈر كېسكى قېلىپى

كۆمۈر كېسكى قېلىپى كۆمۈر توپىسىنى لاي ئېتىپ، كۆمۈر كېسكى قۇيۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق قېلىپقا ئامال بار قېيىپ قالمايدىغان ئاق ياغاچ ئىشلىتىش لازىم. كۆمۈر كېسكى قېلىپىنىڭ كۆزلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قېلىپنىڭ قېلىنلىقى 2.5 ~ 3 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. قېلىپ ئۇنىڭدىن قېلىن بولۇپ قالسا، كۆمۈر كېسكى قېلىن بولۇپ قېلىپ ئوشتۇپ مەشكە سالسىمۇ قېلىن كۆمۈر كېسكى تولۇق كۆيۈپ بولالماي، كۆمۈر ئىسراپچىلىقى كېلىپ چىقىدۇ.

كۆمۈر كېسكى قېلىپىنى قانچە كۆزلۈك قىلىپ ياسىسا بولۇۋېرىدۇ.



1 . 4 -رەسىم. كۆمۈر كېسكى قېلىپى


## 2. كېسەك قېلىپى

كېسەك قېلىپى مەخسۇس كېسەك قۇيۇش ئۈچۈن ياسالغان قېلىپ بولۇپ، ئۇ تۆشۈك قېلىپ ۋە تاختا قېلىپتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تۆشۈك قېلىپنىڭ ئالدى ـ كەينى ئوچۇق بولىدۇ. تاختا قېلىپنىڭ كەينى تەرىپىگە شال مىخلانغان بولىدۇ.

ئادەتتە كېسەك تاملارنىڭ ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر قىلىپ قويۇلىدىغان بولغاچقا، كېسەك قېلىپلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 32 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 8 ~10 سانتىمېتىر قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ئۆلچەمسىز قېلىپ بولۇپ قېلىپ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

تۆشۈك قېلىپتا كېسەك قۇيغاندا لايىنى قېلىپنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ

قىلىپقا لاينى سېلىپ، قىلىپقا لاي چاپلىشىۋالماسلىقى ئۈچۈن قىلىپقا سۇ سېپىپ نەمدەپ، ئارقىدىن لاينى بېسىپ قويىدۇ. تاختا قىلىپتا، قىلىپنى لاينىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، قىلىپ ئىچىنى لاي چاپلىشىۋالماسلىق ئۈچۈن قۇرۇق قۇم بىلەن چايقاپ، لاينى قىلىپ ئىچىگە بېسىپ ئاندىن قىلىپ بىلەن لاينى كۆتۈرۈپ ئېلىپ بېرىپ قويىدۇ.





5.1 ـ رەسىم. تۆشۈك قىلىپ ۋە تاختا قىلىپ

## § 3. ئېشەك هارۋىسى ۋە ئۇنىڭ جابدۇقلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

### 1. ئېشەك هارۋىسىنى ياساش


ئېشەك هارۋىسى دېهقانلار ئائىلىلىرىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئىشلەپچىقىرىش قورالى. ئېشەك هارۋىسىنىڭ چاقتىن باشقا هەممە يەرلىرى ياغاچتىن ياسالغاچقا، ئۇنى ياساشنىمۇ بىلىپ قويۇش زۆرۈر.

ئېشەك هارۋىسى ياساشتا ئالدى بىلەن هارۋا ئوقىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىغا ئاساسەن ئوق بىلەن شوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى هەم كۆتۈرگۈچى جاهازنى ياسايمىز. جاهازنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى چاق ئارىسىدىكى ئوقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭ بولىدۇ. ئېگىزلىكى ئوقتىن چاق ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولىدۇ. جاهازنىڭ قېلىنلىقى 6 ~ 8 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. جاهاز خامۇك ئارقىلىق شوتا بىلەن چېتىلىدۇ. جاهازنىڭ تېگى تەرىپى ئوقنىڭ يېرىمى چۆشكىدەك ئويۇلىدۇ.




6.1 ـ رەسىم. ئېشەك هارۋىسىنىڭ تەگ جاهازىسى

ئېشەك هارۋىسىنىڭ شوتىسى ئۇزۇنلۇقى 4 مېتىر، دىيامېتىرى 10 ~ 12 سانتىمېتىر كېلىدىغان ياغاچتىن ياسىلىدۇ. شوتىنىڭ ئالدى تەرىپى بىلەن ئارقا تەرىپى تېگى تەرەپتىن تومىراق قىلىپ ياسىلىدۇ. ئوتتۇرا قىسمى چاسا شەكىلدە بولۇپ، بالداقلار بىلەن چېتىلىدۇ. ئاندىن شوتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە ئىككى تەرەپتىكى چىقىپ تۇرغان بالداقنىڭ ئۈچ قىسمىغا ئۈستىدىن شال مىخلىنىدۇ. ئاندىن تەگ جاهازىسى بىلەن شوتىنى تېشىپ سېلىنغان خامۇك ئارقىلىق ئوق بىلەن تۇتاشتۇرۇلىدۇ.




7.1 ـ رەسىم. خامۇك




8.1 ـ رەسىم. ئېشەك هارۋىسى شوتىسى

خامۇكنىڭ ئۈچى ئوقنىڭ تېگىگە ئەگرى تۆمۈر بىلەن ۋىنتا ئارقىلىق چىڭىتىلىدۇ. شوتىدىكى تۆشۈك بىلەن خامۇكنىڭ كەڭ-تارلىقى ئوخشاش بولۇش لازىم. هارۋىنىڭ مۇقىم بولۇشى ئۈچۈن تەگ جاهازىسىنىڭ قېلىنلىقىمۇ خامۇكنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندا خامۇك تەگ جاهازىنى چىڭ قىسىپ تۇرالايدۇ. هارۋا چاقىنىڭ ئالدى-كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئوق بىلەن شوتا ئارىلىقىغا ئالدى-كەينى تەرەپكە تارتما سېلىپ قويۇش لازىم.




1.9 ـ رەسىم. ئېشەك هارۋىسى



1.10 ـ رەسىم. ئېشەك هارۋىسىنىڭ جەۋىنى

### 2. بويۇنتۇرۇق ياساش

بويۇنتۇرۇق يەر ھەيدەشتە،سۆرەم سېلىشتا كالا ياكى ئېشەكنىڭ بويـنىغا سېلىپ، ساپان ياكى سۆرەمنى چېتىپ ئىشلىتىدىغان سايمان. بويۇنـتۇرۇقتا ئۇزۇنلۇقى 130 ~ 150 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 6 ~ 8 سانـتىمېتىر بولغان ئىككى تال يۇمىلاق ياغاچ تېشىپ ئىشلىتىلىدۇ.




1.11 ـ رەسىم. بويۇنتۇرۇق

### 3. سۆرەم ياساش

سۆرەم — ئۇجمە، ئۆرۈك، جىگدىگە ئوخشاش قاتتىق ياغاچتىن ياـسىلىدۇ. سۆرەم ياسايدىغان ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تىلىپ 6 ~ 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا شال قىلىپ، شالنىڭ قىرلىرىنى ئېلىپ، ياپسار قىلىپ ياغاچ مىخ بىلەن ئېچىدىن چېتىپ، ئىككى شال جىپسىلاشتۇرۇـلىدۇ. ئاندىن سۆرەمنىڭ ئۈستىدىن قارلىغاچ قۇيرۇقى شەكلىدە تارغاق چىقىرىپ بالداق مىخلىنىدۇ. سۆرەمنىڭ تارتىلىدىغان ھالقىسى شۇ تارـغاققا قېقىلغان بالداققا مىخلىنىدۇ. ئادەتتە ئېشەككە سۆرىتىدىغان سۆـ

رەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 120 سانتىمېتىر بولىدۇ. كالىغا سۆرىتىدىغان سۆرەمنىڭ ئۇزۇنلۇقى 120 ~ 150 سانتىمېتىر بولىدۇ. كەڭلىكى 25 ~ 35 سانتىمېتىر بولىدۇ.





1. 12 ـ رەسىم. سۆرەم

## 4 § . ھەر خىل ئوقۇر، كاتەكلەرنى ياساش ئۇسۇللىرى

**1. ئوقۇر ياساش**

ئائىلىلەردە قوي، كالا، ئېشەكلەرگە يەم ـ خەشەك بېرىش ئۈچۈن لاي ئوقۇر، سېمونت ئوقۇردىن باشقا ياغاچ ئوقۇرلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ياغاچ ئوقۇرلارنى ئۈچ پارچە شالنى مىخلاپ چېتىپ ياساشقىمۇ، جاھازلىق قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. قاتتىق ياغاچتا ياساشقىمۇ، يۇمشاق ياغاچتا ياساشقىمۇ بولىدۇ. ئوقۇر شېلىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 3 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ.




1. 13 ـ رەسىم. جاھازلىق ياغاچ ئوقۇر ۋە جاھازسىز ئوقۇر

**2. كاتەك ياساش**

ئائىلىلەردە توخۇ، كەپتەر ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا كاتەك ياسىلىدۇ. كاتەكنى ياغاچنى تېشىپ، تۆشۈككە تاياق ياكى تىلدۇرۇپ تەييارلانغان شادىلارنى سېلىپ،جاھازلاپ ياساشقىمۇ، شادا سالماي جاھاز سىرتىدىن سىم تور مىخلاش ئارقىلىق ياساشقىمۇ بولىدۇ. شادا سېلىپ يا-

سىغاندا توخۇ، كەپتەر كاتەكلىرىنىڭ شادىلىرى توخۇ،كەپتەر چىقىپ كېتەلمىگۈدەك زىچ قىلىپ سېلىنىدۇ.




1. 14 ـ رەسىم. توخۇ، كەپتەر كاتەكلىرى

## § 5 . ھەرخىل ئاشخانا سايمانلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

**1. نوغۇچ ياساش**

نوغۇچ ـــ ئائىلىلەردە چۆپ يېيىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.


نوغۇچ، تېرەك، سۆگەت بادىرلىرىدىن ئىككى ئۇچى سەل ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى سەل توم قىلىپ ياسىلىدۇ. نوغۇچنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئىككى ئۇچىدىن سەل توم بولغاندا خېمىرنى نوغۇچقا يۆگەپ يايغاندا خېمىرنى كېڭەيتىدۇ. ئەگەر نوغۇچ تۈپتۈز بولۇپ قالسا خېمىرنى كېڭەيتىپ نېپىزلەتكىلى بولمايدۇ.



1. 15 ـ رەسىم. نوغۇچ

**2. دۆشە ياساش**


ئائىلىلەردە گۆش پارچىلاش، توغراش، چاناش، پىياز قىيمىلاش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن دۆشە ئىشلىتىلىدۇ. دۆشىنى ئاسان يېرىلىپ كەتمەيدىغان سۆگەت، ئامۇت قاتارلىق ياغاچتىن قېلىن شال چىقىرىپ ياسىسىمۇ ياكى شۇ ياغاچلارنىڭ توغرا كەسمە يۈزىدىن كېسىپ يۇمىلاق قىلىپ ياسىسىمۇ بولىدۇ.



1. 16 ـ رەسىم. ھەر خىل دۆشە

### 3. ئەمبەل ياساش

ئەمبەل — ئائىلىلەردە چۆپ يېيىش، خېمىرنى جىزا قىلىش، چۆپ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە سەي توغراش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چوڭ ئاشخانىلاردا چوڭ ئەمبەللەر ئىشلىتىلىدۇ. ئەمبەلنى تېرەك، سۆگەت، ئۈجمە قاتارلىقلارنىڭ ياغاچلىرىنى شال تىلىپ، شاللارنى ياپسار قىلىپ يەملەپ ياساشقىمۇ، پولات مىخ، ياغاچ مىخلار بىلەن تارغاقلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. ئەمبەلنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى شالنىڭ نېپىز-قېلىنلىق ئەھۋالغا قاراپ بولىدۇ. ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئەمبەل شېلىنىڭ قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىردىن تۆۋەن بولماسلىقى، ئاشخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان ئەمبەل شېلىنىڭ قېلىنلىقى 3 ~4 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ.




1. 17 ـ رەسىم. ئەمبەل

### 4. ياغاچ تۇۋاق ياساش

رايونىمىزدا كۆپلىگەن ئائىلىلەردە ھازىرمۇ تۆمۈر تۇۋاق ئورنىغا ياغاچ تۇۋاق ئىشلىتىلمەكتە. شۇڭا، ياغاچ تۇۋاق ياساشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز زۆرۈر.

ياغاچ تۇۋاق قېلىنلىقى 1 ~ 1.5 سانتىمېتىر بولغان، سۆگەت، تېرەك، جىگدە ۋە باشقا ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ شاللىرىدىن ياسىلىدۇ. تۇۋاقنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى قازاننىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە ئاساسەن ياسىلىدۇ. تۇۋاقنى، شاللارنى ياپسار قىلغاندىن كېيىن تۆمۈر مىخ بىلەن ياكى ياغاچ مىخ بىلەن تارغاقلاپ ياسىسىمۇ بولىدۇ.



1. 18 - رەسىم. ياغاچ تۇۋاق

**5. تۇۋلۇك ياساش**

ئائىلىلەردە قازاننى قويۇش ئۇچۇن تۇۋلۇك ئىشلىتىلىدۇ. تۇۋلۇكنى كەڭ قېلىن شالدىن ئويما قىلىپ چېتىپ ياساشقىمۇ، تۆت پۇتلۇق قىلىپ چېتىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.



1. 19 - رەسىم. تۇۋلۇك

## 6 § . ھەرخىل شوتىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

شوتا ئائىلىلەردە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە.


شوتىلار ياسىلىشىغا قاراپ تۈز بالداقلىق شوتا، قاتلىما شەكىللىك تاق شوتا ۋە قاتلىما شوتىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**1. تۈز بالداقلىق شوتا**

تۈز بالداقلىق شوتا بىر ئادەتتە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان، ئۆگزىگە چىقىش

ئۇچۇن تامغا يۆلەپ قويۇلغان شوتىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شوتىلار تۈز، يېرىقى يوق، پۇتاقلىرى ئاز بىر جۈپ ياغاچقا، توغرا بالداق ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. شوتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆگزىنىڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. شوتىنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە 40 ~ 60 سانتىمېتىر بولىدۇ.


شوتىنىڭ ئىككى تال ئۇزۇن بوي ياغىچىغا ياغاچنى چاسلاپ ئىشلەتسىمۇ، چاسلىماي يۇملاق پېتى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ. شوتىنىڭ ئاستىنقى بىرىنچى بالدىقى، ئوتتۇرىدىكى بالدىقى ۋە ئەڭ ئۈستىدىكى بالدىقىنى چوقۇم ئۆتمە تۆشۈككە سېلىپ، شىنا قېقىپ شوتىنىڭ كېرىلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش لازىم. قالغان بالداقلىرى كور تۇرۇم (يېرىم تۆشۈك) كە سېلىنسىمۇ بولىدۇ. بالداقلارنىڭ ئارىلىقى 35 ~ 40 سانتىمېتىر بولىدۇ.



1.20 ـ رەسىم. تۈز بالداقلىق شوتا

**2. قاتلىما شەكىللىك تاق شوتا**

ئائىلىلەردە، تاملارغا رەسىم چاپلاش، گىلەم ئېسىش، گەرنىز مىخلاش ئىشلىرىدا قاتلىما شوتا شەكلىدىكى تاق شوتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل شوتىنىڭ ئاستى كەڭ، ئۈستى تار بولىدۇ. ئۇچى تەرىپىگىمۇ شال بېكىتىلىپ، تولۇق چېتىلىدۇ. بىر تەرىپى تامغا تىرىلىپ تۇرغاچقا ئاسان تېيىلىپ كەتمەيدۇ. يۆتكەپ ئىشلىتىشكىمۇ ئەپلىك.



1.21 ـ رەسىم. قاتلىما شەكىللىك تاق شوتا

**3. قاتلىما شوتا**

قاتلىما شوتا يۇقىرىقى تاق شوتىغا يەنە بىر تاق شوتىنى جۈپلەپ،


ئۇستىنى گىرە بىلەن چېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. تاق شوتىنى ھېچ-
قانداق نەرسىگە يۆلىمەي بىۋاستە تىكلەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.



1. 22 ـ رەسىم. قاتلىما شوتا

## § 7 . ھەرخىل گەرنىزلەرنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئائىلىلەردە ئىشىك بېشى، دېرىزە بېشى ۋە تاملارغا پەردە ئېسىش ئو-
مۇملاشماقتا. ئادەتتە تۆمۈر، ئاليۇمىندىن ياسالغان گەرنىزلەردىن باشقا
ياغاچتا ياسىلىپ، نەقىش چىقىرىلغان گەرنىزلەرمۇ ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. يا-
غاچتا ياسالغان گەرنىزلەرنىڭ جاھازىسى ياغاچتا ياسىلىپ ئۇستىگە
رەڭلىك پەنەركە، چەسۋەك مىخلىنىپ ياسىلىدىغانلىرى، شالغا نەقىش
ئويۇپ ئۇستىدىن بوياق بىلەن ھەل بېرىپ، كۆركەم قىلىپ ياسىلىۋاتـ-
قانلىرىمۇ بار.



1. 23 ـ رەسىم. پەنەركە مىخلانغان گەرنىز



1. 24 ـ رەسىم. شالغا نەقىش ئويۇپ ياسالغان گەرنىز




1. 25 ـ رەسىم. شالغا نەقىش ئويۇپ، ئۈستىگە نەقىش ۋە چەسۋەك مىخلاپ ياسالغان گەرنىز

گەرنىزنى مەيلى قانداق ماتېرىيال قانداق ئۇسۇل بىلەن ياسىمايلى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى دېرىزە، ھاۋادان، ئىشىك بېشى ۋە تاملارغا كېلىدىغان قىلىپ ياسىلىشى لازىم. گەرنىزنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە 10 ~15 سانتىمېتىرغىچە بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بەك تار بولۇپ قالسىمۇ، بەك كەڭ بولۇپ قالسىمۇ سەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مۇۋاپىق بولۇشى لازىم.


## § 8 . كىيىم ئاسقۇچلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئادەتتە ئائىلىلەردە كىيىم ئاسقۇچ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. كىيىم ئاسقۇچلارنى شالنىڭ ئىككى بېشىغا قۇلاق بېكىتىپ، تامغا مىخلاپ، شال يۈزىگە بولسا كىيىم ئاسىدىغان ئىلغۇلارنى بېكىتىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.




1. 26 ـ رەسىم. تۈز شاللىق ئاددىي كىيىم ئاسقۇچ

كىيىم ئاسقۇچنى يەنە تامغا تېگىپ تۇرىدىغان شالنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا يەنە بىر شال مىخلاپ پېشايۋان شەكلىدە قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.



1. 27 - رەسىم. پېشايۋان شەكىللىك كىيىم ئاسقۇچ

كىيىم ئاسقۇچلارنى يەنە توغرىسىغا مىخلانغان شالىنىڭ ئۈستىگە ئالاھىدە لايىھەلەپ سىزىلغان نەقىشلەرنى دەسسىتىش ئارقىلىقمۇ ياساشقا بولىدۇ.



1. 28 - رەسىم. ئۈستىگە نەقىش مىخلانغان كىيىم ئاسقۇچ

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا ئائىلە سايمانلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى سۆزلەنگەن بولۇپ، ئەمەلىي ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ تۇنجى قەدىمى باشلاندى. شۇڭا، ئۆگەنگۈچىلەر ۋاقىت چىقىرىپ ھەر خىل ساپ، كېسەك قېلىپى، ئېشەك ھارۋىسىنىڭ شوتىسى، بويۇنتۇرۇق، سۆرەم، ئوقۇر، كاتەك، دۆشە، ئەمبەل تۇۋاق، تۈۋلۈك، ھەر خىل شوتا ۋە كىيىم ئاسقۇچ قاتارلىق ئائىلە سايمانلىرىنى ياساشنى ئۆگىنىشى كېرەك.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. كەكە، كەتمەن، گۈرجەك ساپلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
2. كۆمۈر كېسكى قېلىپى ۋە كېسەك قېلىپى قانداق ياسىلىدۇ؟
3. ئېشەك ھارۋىسى قانداق ياسىلىدۇ؟
4. بويۇنتۇرۇق قانداق ياسىلىدۇ؟

5. سۆرەم قانداق ياسىلىدۇ؟
6. ياغاچ ئوقۇر قانداق ياسىلىدۇ؟
7. كاتەكلەر قانداق ياسىلىدۇ؟
8. نوغۇچ،دۆشە، ئەمبەللەر قانداق ياسىلىدۇ؟
9. تۇۋاق، تۈۋلۈكلەر قانداق ياسىلىدۇ؟
10. تۈز شوتا قانداق ياسىلىدۇ؟
11. قاتلىما شوتا قانداق ياسىلىدۇ؟
12. گەرنىز قانداق ياسىلىدۇ
13. كىيىم ئاسقۇچ قانداق ياسىلىدۇ؟

# ئىككىنچى باب ھەرخىل ئورۇندۇق، ئۈستەل ۋە ساپالارنى ياساش ئۇسۇللىرى

## §1 . ھەرخىل ئورۇندۇقلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

**1. شال مىخلانغان ئورۇندۇق**

بۇ ئورۇندۇقنىڭ ياسىلىشى ئاددىي بولۇپ، مەلۇم ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكتىكى شالغا كەڭلىكى، قېلىنلىقى ئوخشاش بولغان، سەل قىسقىراق شالنى پۇت قىلىپ مىخلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ خىل ئورۇندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى20 ~30 سانتىمېتىر، شالنىڭ كەڭلىكى 10 ~ 15 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 15 ~ 25 سانتىمېتىر بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. شالنى پۇت قىلىنىدىغان شال بىلەن تەڭ قىلىپ مىخلىسىمۇ، پۇت قىلىدىغان شالنى سەل كىچىكرەك قىلىپ مىخلىسىمۇ بولىدۇ.



1.2 ـ رەسىم. شال مىخلىما ئورۇندۇق


**2. تۆت پۇتلۇق كىچىك ئورۇندۇق ۋە ئۇزۇن ئورۇندۇق**

تۆت پۇتلۇق كىچىك ئورۇندۇق ئائىلىلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇزۇن تۆت پۇتلۇق ئورۇندۇق يېزىلاردىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە، كەنت مەجلىسخانىلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق ئورۇندۇقلارنىڭ كۆتۈرۈشچانلىقى ياخشى، تۈزۈلۈشى ئاددىي بولۇپ، ماتېرىيال ئاز كېتىدۇ. تۆت پۇتلۇق كىچىك ئورۇندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 ~30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 ~ 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 20 ~ 30 سانتىمېتىر، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 سانتىمېتىر، كەڭلىكى


14 ~ 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 45 ~ 48 سانتىمېتىر بولىدۇ. شال-نىڭ قېلىنلىقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئورۇندۇق پۇتىنى كىچىك قىسقا ياغاچنى ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ياساشقىمۇ ياكى تىلىنغان ياغاچنى چاسىلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئورۇندۇقلارنىڭ تۆشۈك تۇرۇم-لىرىنىڭ ھەممىسى يانتۇ بولىدۇ. بۇ خىل ئورۇندۇقلارنى لايىھەلەشتە ئاۋۋال ئورۇندۇق يۈزىنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئوتتۇرا سىزىقىنى سىزىپ، تۆشۈكلىرىنىڭ ئورۇندۇقنىڭ ئۇزۇنلۇقى بويىچە تۇرغان ئور-نىنى بەلگىلىۋالىمىز. ئادەتتە تۆشۈك بىلەن ئورۇندۇق ئۇچىنىڭ ئارىلى-قى ئورۇندۇق ئۇزۇنلۇقىنىڭ 10/1.5 كە تەڭ بولىدۇ. يۈزىدىكى تۆ-شۈكىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن ئورۇندۇقنىڭ قىرىغىچە بولغان ئارىلىق پۇتىنىڭ ئۈستۈنكى ئۇچىنىڭ قېلىنلىق لېۋىنىڭ كەڭلىكى بىلەن يانتۇ-لۇقىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ بولىدۇ. يۈزى پىلانلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاۋۋال پۇتىنى، ئاندىن توغرا چېتىقلارنى لايىھەلەيمىز.

ئەگەر ئورۇندۇق كىچىك بولسا ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكىنىڭ نىس-بىتىنى 1:15 چامىسىدا قىلسا بولىدۇ. چېتىق سېلىشتا ئاستىنقى چېتىق ئورۇندۇق ئېگىزلىكىنىڭ 5/2 قىسمىغا، ئۈستۈنكى چېتىق 5/3 قىسمىغا ئورنىتىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بىر چېتىق ئورنىتىشقا توغرا كەلسە ئورۇن-دۇق ئېگىزلىكىنىڭ يېرىمىغا ئورنىتىش كېرەك.

پۇت ئارىلىقىدىكى ئۇزۇن چېتىق ئورۇندۇقنىڭ پۇختىلىقىنى ئاشۇرىدۇ.




2.2 ـ رەسىم. كىچىك ئورۇندۇقنى چېتىش





2 . 3 ـ رەسىم. ئۇزۇن ئورۇندۇقنى چېتىش

### 3. تابىراتكا

تابىراتكىنىڭ ھەجمى كىچىك، ئىگىلەيدىغان ئورنى ئاز، تۈزۈلۈشى ئاددىي بولۇپ، ئۇنى ئازغىنە قىسقا ياغاچتىن ياسىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆي جاھازلىرىدىن ئاشقان پارچە ـ پۇرات قىسقا ياغاچلار ئىشلىتىلىدۇ. تابىراتكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 ~ 38 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 26 ~ 28 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 42 ~ 45 سانتىمېتىر بولسا نورمال بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن چوڭلىرىنى ياكى كىچىكلىرىنىمۇ ياساشقا بولىدۇ. تابىراتكا تۆت تال پۇت، سەككىز تال چېتىق ۋە بىر يۈزلۈكتىن تۈزۈلىدۇ. تابىراتكىنىڭ پۇتىغا كەڭلىكى 4 ~ 5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 ~ 3.5 سانتىمېتىر ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈستۈنكى يۈزگە مىخلىنىدىغان چېتىقىغا 3 ~ 4 سانتىمېتىر، ئاستىنقى چېتىقىغا 3X3 سانتىمېتىرلىق ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ چېتىقلار تابىراتكا ئېگىزلىكىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىغا ئورنىتىلىدۇ.

تاپىراتكىنىڭ تۆشۈكلىرى 1 سانتىمېتىرلىق ئىسكىنىدە ياكى ئۆشكىدە تېشىلىدۇ. تابىراتكىنىڭ يۈزلۈكىنى چېتىق قىرى بىلەن تەڭ قىلىپ مىخلاشقىمۇ، چېتىق قىردىن سەل ئىچكىرى قىلىپ، يۈزىنىڭ قىرلىرىنى تومراق چىقىرىپ مىخلاشقىمۇ بولىدۇ.




2 . 4 ـ رەسىم. تابىراتكا

### 4. ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇق

تۇرمۇشتا ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇقلارمۇ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇقلارنىمۇ چوڭ ـ كىچىك قىلىپ ياساشقا بولىدۇ.

ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇققا قېلىن، يۇمىلاق شال ئىشلىتىلىدۇ. شال ئوخشاش ئۆلچەمدىكى ئۈچ نۇقتىسىدىن تېشىلىپ پۇت ئورنىتىلىدۇ. ئۈچ پۇت ئۈچ چېتىق بىلەن چېتىلىدۇ.




2.5 ـ رەسىم. ئۈچ پۇتلۇق ئورۇندۇق

### 5. قاتلىما ئورۇندۇق

قاتلىما ئورۇندۇق، ئاددىي، يەڭگىل، ئېلىپ يۈرۈشكە ئوڭاي بولۇپ، شەكلى ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدىغان قاتتىق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. قاتلىما ئورۇندۇقلاردىن سومكا شەكىللىك قاتلىما ئورۇندۇق، بىرېزېنت قاتلىما ئورۇندۇق، ۋاسا يۈزلۈك قاتلىما ئورۇندۇقلار بار.

سومكا شەكىللىك قاتلىما ئورۇندۇقنىڭ پۇتى ۋە توغرا چېتىقلارنىڭ كەڭلىكى 3 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتىر، يۈزىنىڭ قېلىنلىقى 1.3 سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇ خىل قاتلىما ئورۇندۇقلارغا تۇتقۇچ بېكىتىلىدۇ. ئاندىن ئىككى سىرتقى پۇتىغا بالداق ئورنىتىلىپ، بولتا ئۆتكۈزۈلىدىغان تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

تۆت تال توغرا بالداق ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىككى بۆلەك بويىچە شالغا مىخلىنىدۇ. ئاخىردا بۇرمىلىق ئوق ياكى بولتا بىلەن تۆت بۆلەك قىلىپ تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بولتا بولمىغاندا مىخ بىلەن تۇتاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.



6.2 ـ رەسىم. سومكا شەكىللىك قاتلىما ئورۇندۇق

بىرپۈتۈن مىخلانغان قاتلىما ئورۇندۇق

بىرپۈتۈن مىخلانغان قاتلىما ئورۇندۇقنى ياساش بىر قەدەر ئوڭاي بولۇپ، رامكا بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈلۈپ، ئوتتۇرىسىدىن بولتا ئارقىلىق چېتىلىپ، ئولتۇرىدىغان يەرگە مىخلىنىدۇ. ئىككى رامكىنىڭ تېگى تەرىپىگە بىردىن چېتىق سالسا بولىدۇ.



7.2 ـ رەسىم. بىرپۈتۈن مىخلانغان قاتلىما ئورۇندۇق

ۋاسا يۈزلۈك قاتلىما ئورۇندۇق

ۋاسا يۈزلۈك قاتلىما ئورۇندۇقنى ياساش ئۇسۇلمۇ سومكا شەكىللىك قاتلىما ئورۇندۇقنى ياساشقا ئوخشايدۇ. ئولتۇرىدىغان يۈز ئىككى رامكىلىق بولۇپ، پۇتىنىڭ چوڭ رامكىسىغا، كىچىك رامكا چۈشىدۇ. ئولتۇرىدىغان يۈزىنىڭ چوڭ رامكىسى پۇتىنىڭ چوڭ رامكىسىغا چېتىلىدۇ. كىچىك رامكىسىغا ۋاسا مىخلىنىدۇ.




8.2 ـ رەسىم. ۋاسا يۈزلۈك قاتلىما ئورۇندۇق

**6. خىزمەت ئورۇندۇقى**


خىزمەت ئورۇندۇقىنىڭ يەردىن يۈزلۈك شالغىچە بولغان ئېگىزلىكى
45 سانتىمېتىر، يۈزلۈك شالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 41 سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسىـ
نىڭ كەڭلىكى 39 سانتىمېتىر، شالىنىڭ قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر بولىدۇ.

يۆلەنچۈكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 85 ~90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5
سانتىمېتىر بولىدۇ. ئالدى پۇتى 4.5 ×4. سانتىمېتىر ياكى 4.2×4.2
سانتىمېتىر بولىدۇ. ئارقا پۇتىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىنىڭ كەڭلىكى
3سانتىمېتىر بولىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىنىڭ كەڭلىكى 5 ~ 6 سانتىمېتىر
بولىدۇ.

پۇت ئەگمىسىنىڭ تەكشىلىكتىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇشى 4 ~5 سانتىمېـ
تىر بولىدۇ. يۈزى بىلەن يۆلەنچۈك ئوتتۇرىسىدىكى بۇلۇڭ ° 100 ~97
بولىدۇ. خىزمەت ئورۇندۇقىنىڭ ئارقا تەرىپى 35 سانتىمېتىر، ئالدى پۇت
تەرىپى 42 سانتىمېتىر ئەتراپىدا چېتىلسا بولىدۇ. ئورۇندۇقىنىڭ پۇتلىرىـ
نىڭ تۆشۈكلىرى 1 سانتىمېتىرلىق ئىسكىنىدە تېشىلىدۇ. يۈزلۈك مىخلايـ
دىغان چېتىقلار 5×3 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئاستى چېتىقلىرى 2.5×2.5
سانتىمېتىر ياكى 3×3 سانتىمېتىر بولىدۇ. چېتىلىش تەرتىپى : ئاۋۋال ئارقا
تەرىپى، ئاندىن ئالدى تەرىپى چېتىلىدۇ. ئارقىدىن ئالدى تەرىپى بىلەن
كەينى تەرىپى چېتىلىدۇ. ئاخىرىدا يۈزلۈك مىخلىنىدۇ.




2. 9 ـ رەسىم. خىزمەت ئورۇندۇقىنىڭ ياغاچلىرىنى تەييارلاش
1. چېتىقلار؛ 2. ئالدى پۇت؛ 3. كەينى پۇت؛ 4. يۈزلۈك.





2 . 10 ـ رەسىم. خىزمەت ئورۇندۇقنى قۇراشتۇرۇپ چىقىش

1 .يۈزلۈك؛ 2 .ئورۇندۇقنىڭ ئالدى پۇتى؛ 3 .ئورۇندۇقنىڭ كەينى پۇتى.

بۇنىڭدىن باشقا يۈزلۈكى رەخت، خۇرۇملار بىلەن قاپلانغان ئورۇندۇقلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەكىللىرىمۇ خىلمۇ خىل بولماقتا. مەيلى قانداق ئورۇندۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى يۇقىرىقىدەك بولىدۇ. يەنە مۇشۇ نىسبەت بىلەن ئورۇندۇقلارنى كىچىكلىتىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

### 7. ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقى

مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقى ئىشلىتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقى يىللىقلارغا قاراپ چوڭ-كىچىك ياسىلىدۇ. ياسىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقى ئاساسەن خىزمەت ئورۇندۇقنىڭ توغرىسىغا ئۇزارتىلىشىدۇر.





2 . 11 ـ رەسىم. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئورۇندۇقى

### 8. چاي جوزىسى

چاي جوزىسى ئائىلىلەردە كەم بولسا بولمايدۇ. چاي جوزىسىنى داستىخان ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. چاي جوزىسى قويۇپ بەرگەندە باللار چاي - تاماقلارنى تۆكمەي ئىچىدۇ. تىك، ئازادە ئولتۇرىدۇ. بۇ-


نىڭ باللارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ پايدىسى بار.

چاي جوزىسىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولسىمۇ ئىشلىتىش تەرتىپى ئوخشاش بولىدۇ. چاي جوزىسىنىڭ پۇتلىرىمۇ خىلمۇ خىل بولىدۇ. قايسىنى ئىشلەتسە بولۇۋېرىدۇ.



2.12 - رەسىم. چاي جوزىسى پۇتلىرى

چاي جوزىلىرىنى تۆت چاسا قىلىپ ياساشقىمۇ، توغرىسىدىن بويىنى سەل ئۇزۇنراق قىلىپ ياساشقىمۇ، يۇمىلاق قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە چاي جوزىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 20 ~ 30 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈز قىسمى 60X 90 كىۋادرات سانتىمېتىر ياكى 80 X 50 كىۋادرات سانتىمېتىر ۋە ياكى 100 X60 كىۋادرات سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.



2.13 - رەسىم. چاي جوزىلىرى


## 2 § . ھەر خىل ئۇستەللەرنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئۇستەل ياساش ئورۇندۇققا قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياغاچمۇ كۆپ سەرپ قىلىنىدۇ. چاسا تاماق ئۇستىلى، ئوقۇغۇچىلار ئۇستىلى، خىزمەت ئۇستىلى قاتارلىق نۇرغۇن ئۇستەللەر بار.

**1. چاسا ئۇستەل**

تاماق ئۇستىلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى 65 ~100 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 65 ~ 78 سانتىمېتىر بولىدۇ. چوڭ چاسا ئۇستەل ھەمىشە ئىچى چاسا، سىرتى يۇمىلاق قىلىپ ياسىلىدۇ.

چاسا ئۈستەل ئۈستەل يۈزى بىلەن پۇت رامكىسىنى تۇتاشتۇرۇش ئار-قىلىق ياسىلىدۇ. تۈزۈلۈشى ئاددىي، يۆتكەش ئوڭاي بولۇپ، ئۈستەل يۈزلۈك شالىنىڭ قېلىنلىقى2 ~3 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈزلۈكى يۈزى رامكىدىن 2 ~3 چىقىپ تۇرىدۇ. ئۈستەل يۈزىگە ئىشلەتكەن ياغاچ نېپىز بولۇپ قالسا ئۈستەل رامكىسىغا بىر - ئىككى چېتىق سالسا بولىدۇ. ئۈستەلنىڭ تۆت پۇتىغا 6X6 سانتىمېتىرلىق ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. يان ياغاچلىرىغا 3X 5 ~6X4 سانتىمېتىر ياغاچ ئىشلەتسە بولىدۇ. چاسا ئۈستەلنىڭ پۇتلىرى يان شاللىرى ئومۇمەن قوش تۇرۇملۇق قىلىپ چېتىلىدۇ.



2. 14 - رەسىم. چاسا ئۈستەل

بۇنداق چاسا ئۈستەلنى قۇراشتۇرغاندا، ئاۋۋال ئىككى پۇت بىلەن يان شال قارىمۇ قارشى قىلىپ قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىككى پۇت بىلەن يان شال چېتىلىپ، ئۈستەلنىڭ رامكىسى بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ، ئاندىن يۈزلۈكى مىخلىنىدۇ.


**2. قاتلىنىدىغان يۇملاق ئۈستەل**

بۇ ئۈستەلنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، ئېچىش، قاتلاش ئوڭاي، ئىگىلەيدىغان ئورنى كىچىك، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال تەلىپى تۆۋەن بولۇپ، ئۇنى ئائىلىلەردە تاماق ئۈستىلى قىلىشقا بولۇپلا قالماي ئاشخانا، رېستورانلاردا تاماق جوزىسى قىلىشقىمۇ بولىدۇ. قاتلىنىدىغان يۇملاق ئۈستەللەرمۇ چوڭ-كىچىكلىك جەھەتتە ھەرخىل بولىدۇ. كىچىكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 65 ~ 70 سانتىمېتىر، يۇملاق يۈزلۈكنىڭ دىيامېتىرى

رى 76 ~ 80 سانتىمېتىر بولىدۇ. چوڭ يۇمىلاق ئۈستەلنىڭ ئېگىز-لىكى 78 ~ 82 سانتىمېتىر، يۇمىلاق يۈزلۈكنىڭ دىيامېتىرى 100 ~ 120 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈزلۈك قىلىنىدىغان شالىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 2.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈزلۈك قىلىنىدىغان شاللارنى يەملەپ ياسىسىمۇ ياكى سۈنئىي تاختايدىن ياسىسىمۇ بولىدۇ. يۈزلۈك ئاستىغا قېلىنلىقى 2.2 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر بولغان ياغاچتىن ئىچكى بۇلۇڭلىرى 45° لۇق ئالماش بۇلۇڭ بولغان رامكا ياساپ ئورنىتىلىدۇ. تۆت پۇتىنىڭ ئۈستۈنكى ئۇچى مۇشۇ رامكىنىڭ بۇلۇڭىغا چىڭ تاقاپ كىر گۈزۈلىدۇ.

يۇمىلاق ئۈستەل پۇتىغا 5 ~ 6 سانتىمېتىر بولغان ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. بىر - بىرىنى ئوتتۇرىسىدىن كېسىشتۈرۈپ ياسالغان ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى بالداقلارنىڭ كەڭلىكى 3.5 ~ 4.5 بولىدۇ. پۇتلىرىغا 1.2 ~ 1.3 سانتىمېتىرلىق ئىسكىنە بىلەن قىرىغا ئۇدۇللاپ تۆشۈك ئېچىلىدۇ. تۇرۇم يەلكىسى 45° لۇق بۇلۇڭ ياسايدۇ. قىرىنىڭ ئۇزۇن-لۇقى 3 ~ 3.5 سانتىمېتىر بولغان يۇمىلاق ياكى قىرلىق ياغاچتىن ئالماش رامكىلىرىنى ئايلاندۇرىدىغان ئوق ياسىلىپ، رامكىلارنىڭ ئوت-تۇرىسىغا بېكىتىلىدۇ.

ئۈستەل يۈزلۈكىنىڭ ئاستىدىكى چاسا رامكىغا قاتلىنىدىغان پۇتىنىڭ ئۇچى دەلمۇدەل چۈشىدىغان بولۇشى كېرەك.




2.15 - رەسىم. قاتلىنىدىغان يۇمىلاق ئۈستەل

### 3. بىر پۇتلۇق يۇمىلاق ئۈستەل

بۇ خىل ئۈستەل كۆپ كەم بولۇپ، ئادەتتە يۈزىنىڭ دىيامېتىرى 65 ~ 75 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكىمۇ 65 ~ 75 سانتىمېتىر بولىدۇ. بىر پۇتلۇق

يۇمىلاق ئۈستەل ئۈچ قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. بىرى، يالغۇز پۇت. پۇتىنىڭ ئاستى پاقا باش تۇرۇم چىقىرىلىپ ئورنىتىلغان ئۈچ تال يانتۇ پاچاق ئۈستىگە دەسسىتىلگەن بولىدۇ. يالغۇز پۇت دىيامېتىرى 12 سانتىمېتىر بولغان قاتتىق يۇمىلاق ياغاچنى قىرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. يالغۇز پۇتىنىڭ كۆپىنچىسى لوڭقا شەكىلدە بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئۈستەل يۈزى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن شال ياكى جۈپلەپ يەملەنگەن شالدىن ياسىلىپ چۆرىسىگە چەسۋەك تۇتۇلىدۇ. ئۈچىنچىسى، پۇت بىلەن ئۈستەل يۈزىنى تۇتاشتۇرىدىغان بۆلەك بولۇپ، بۇنى ياساشنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاش20 ~ 25 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر بولغان بىر تال تاختاي مىخلىنىدۇ. يۈزىنىڭ ئاستىغا پۇت ئۈستىدىكى تاختاينى قىسىپ تۇرىدىغان چاسا ياغاچ بېكىتىلىپ، ئىلغۇچ بىلەن ئىلىپ قويۇلىدۇ.




2 . 16 ـ رەسىم. بىر پۇتلۇق يۇمىلاق ئۈستەل

### 4. يېزىقچىلىق ئۈستەللىرىنى ياساش

يېزىقچىلىق ئۈستەللىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىقچىلىق ئۈستەللىرىدىن باشقا يەنە بىر تارتمىلىق، ئىككى تارتمىلىق، ئۈچ تارتما ئىككى ئىشكىلىك، ئالتە تارتما بىر ئىشكىلىك ئۈستەللەر بار.


تۆۋەندە بۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرىنى ياساش ئۇسۇلى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

**1) ئوقۇغۇچىلار ئۇستىلىنى ياساش**

ئوقۇغۇچىلار ئۇستىلىمۇ خۇددى ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقىغا ئوخشاش يىللىقلارغا يەنى بالىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ، ئېگىز-پەسلىكى ئوخشاشمايدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئۇستىلى مەيلى كىچىك، مەيلى چوڭ بولسۇن، ئۇنىڭ ياساش شەكلى، ياساش تەرتىپى ئوخشاش بولىدۇ.


باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇستەللىرىنىڭ پۇتلىرى 3.5×6 سانتىمېتىر بولىدۇ. پۇت ئېگىزلىكى 65 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇستەلنىڭ ئىككى يان ۋە ئارقا تەرىپىدىكى پەۋازلارنىڭ كەڭلىكى 16 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 90 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇستەلنىڭ ئالدى چېتىقلىرى 3×3 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇستەلنىڭ پۇتلىرىنىڭ چېتىقلىرى 5× 3 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈزلۈكى 95×40 كۋادرات سانتىمېتىر بولىدۇ. قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر بولىدۇ. تېگى شالىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 ~ 1 سانتىمېتىر بولىدۇ.

چېتىلىش تەرتىپىدە، ئاۋۋال ئىككى توغرا باش چېتىلىدۇ. ئاندىن ئارقا پەۋاز بىلەن ئالدى چېتىق ئارقىلىق ئىككى توغرا باش تۇتاشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن پۇت ئۇستىدىن تۇرۇم ئېلىنىپ، يۈزلۈككە تۆشۈك تېشىلىپ يۈزلۈك بېكىتىلىدۇ، ئاندىن تېگى شال سېلىنىدۇ.




2. 17 - رەسىم. ئوقۇغۇچىلار ئۇستىلى ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى

1. پۇت؛ 2. چېتىق؛ 3. كەينى پەۋاز؛ 4. يۈزلۈك.




2. 18 ـ رەسىم. ئوقۇغۇچىلار ئۈستىلىنى قۇراشتۇرۇپ چېتىش

**2) بىر تارتمىلىق ۋە ئىككى تارتمىلىق ئۈستەل**

بىر تارتمىلىق ئۈستەلنىڭ ئېگىزلىكى 72 ~ 78 سانتىمېتىر، كەڭـ لىكى 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرلا تارتمىسى بولىدۇ. بۇ خىل ئۈستەل يۈزلۈك، پۇت رامكىلىرى ۋە تارتـ مىدىن تۈزۈلىدۇ. يۈزلۈكنى مۇقىم ئورنىتىۋېتىشكىمۇ، ئېلىپ ـ سېلىشقا بولىدىغان قىلىشقىمۇ بولىدۇ. يۈزلۈكنىڭ قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر بولـ دۇ. پۇتلىرى 4.5×3.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. باشقا چېتىقلىرى 2.8×4 سانتىمېتىر بولىدۇ. شال ئاستىدىكى كۆتۈرگۈچى بالداقنىڭ كەڭلىكى 3.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 2 سانتىمېتىر بولىدۇ.

بۇ خىل ئۈستەلنىڭ ئاۋۋال ئىككى ياندىكى رامكىسى ئورنىتىلىدۇ. يەنى ئاۋۋال ئىككى توغرا بېشى، ئاندىن بوي چېتىقلىرى ئارقىلىق ئىكـ كى توغرا باش چېتىلىپ، ئۈستەلنىڭ رامكىسى پۈتتۈرۈلىدۇ. ئاندىن تارتمىسى ئورنىتىلىدۇ. ئاخىردا يۈزلۈكى بېكىتىلىدۇ. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىككى تارتمىلىق، ئۈچ تارتمىلىق ئۈستەللەرنى ياساشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىش تەرتىپىمۇ ئوخشاش بولىدۇ.




2.19 ـ رەسىم. بىر ۋە ئىككى تارتمىلىق ئۈستەل

3) بەش تارتمىلىق ئۈستەل


بەش تارتمىلىق ئۈستەل تۆت پۇتلۇق ۋە ئالتە پۇتلۇق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تۆت پۇتلۇق ئۈستەل تارتمىلىرى ئۈستى تەرەپكە قاتار قىلىپ ئورنىتىلىدىغان ئۈستەلدۇر. ئۇ ئىككى تارتمىلىق ئۈستەلنىڭ ئۇزارتىلغان قىسمىدۇر.

ئۇزۇنلۇقى ئاساسەن 150 ~ 200 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 60 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 78 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈزلۈك قىلىدىغان شىلىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 3 سانتىمېتىر بولىدۇ. قالغان ياردەمچى شال، جىيەك شال، بۆلگۈچى شاللارنىڭ قېلىنلىقى 1.3 سانتىمېتىردىن بولىدۇ. پۇتىغا 5X3.5 سانتىمېتىرلىق ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. باشقا چېتىقلىرىغا 4X3 سانتىمېتىرلىق ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. تارتما باشلىقىغا قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىرلىق شال ئىشلىتىلىدۇ.

بەش تارتمىلىق ئۈستەلنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىنىڭ تۇرۇم تۆشۈكلىرىنىڭ ھەممىسىگە 1.1 سانتىمېتىرلىق تۇرۇم سىرتقى سىزىقى سىزىلىدۇ. جىيەك تاختىسىنى قىستۇرۇش ئۈچۈن شۇ سىزىقنى سىرتتىن ياندىغان ھالدا 0.4 ~ 0.5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كېنىچ ئويۇلىدۇ. چىشى تۇرۇم ياكى 1 ~ 1.1 سانتىمېتىرلىق ئىسكىنىدە ياكى ئۈشكىدە تېشىلىدۇ. تۆشۈكنى ئۈشكە بىلەن تەشكەندە، قىرلىرىنى يەنىلا ئىسكىنە بىلەن چاسىلاش لازىم.

بەش تارتمىلىق ئۈستەلنى قۇراشتۇرۇشتا ئاۋۋال ئىككى يېنىنى، ئاندىن ئالدى-ئارقا ۋە ئۇزۇنىسىغا ئورنىتىلىدىغان قىسىملىرىنى قۇراشتۇرۇش كېرەك. ئاندىن تارتمىلىرىنى سېلىپ، يۈزلۈك شال ئورنىتىپ، تارتمىلىـ

رىنىڭ قۇلۇپ، تۇتقۇچلىرىنى ئورنىتىش كېرەك.




20.2 ـ رەسىم. بەش تارتمىلىق ئۈستەل


1. پۇتلىرى؛ 2. چېتىقلار؛ 3. يۈزلۈك شال؛ 4. تارتما.

**4) ئۈچ تارتمىلىق ئىككى ئىشىكلىك ئۈستەل**

بۇ ئائىلىلەردە ۋە ئىشخانىلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۈستەل بولۇپ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، ئىشلىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى. بۇ خىل ئۈستەل ياغاچنىڭ راسلىنىش ئۆلچىمى، چېتىلىشى يۇقىرىدىكى ئۈستەلنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.




21.2 ـ رەسىم. ئۈچ تارتمىلىق ئىككى ئىشىكلىك ئۈستەلنى چېتىش ئۇسۇلى




22.2 ـ رەسىم. ئالتە تارتمىلىق، بىر ئىشكىلىك ئۈستەل

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشخانىلاردا ئىشلىتىلىدىغان، يېزىقچىلىق ئۈستەللىرىمۇ بارغانچە كۆركەملەشمەكتە. بۇ ئۈستەللەرنىڭ يۈزلۈكى، تارتمىسى،ساندۇقى ۋە تېگى جازىسى ئايرىم - ئايرىم ياسىلىپ ئىشخانىدا قۇراشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئۈستەللەر خېلى مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ ئىش تەلەپ قىلىدۇ.

## § 3 . ھەرخىل چاي ئۈستەللىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى


ئىشخانىلار ۋە ئائىلىلەردە ساپالار (كىرسلو) نىڭ ئالدىغا ھەرخىل چاي ئۈستەللىرى قويۇلىدۇ. بۇنداق چاي ئۈستەللىرىنىڭ ئەينەكتە ياسالغانلىرىمۇ، ياغاچتا ياسالغانلىرىمۇ بار. تۆۋەندە ياغاچتا ياسالغان چاي ئۈستەللىرىنى تونۇشتۇرىمىز.

**1. ئەگرى پۇتلۇق چاي ئۈستىلى**


چاي ئۈستەللىرىنى ياساش بىر قەدەر ئوڭاي، ئۇنىڭغا ماتېرىيالمۇ ئاز كېتىدۇ.چاي ئۈستىلى پۇتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 18 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر ياغاچتىن ئەگرى قىلىپ ياسىلىدۇ. تۆت پۇت ئاۋۋال توغرىسىغا چېتىلىپ، ئاندىن ئىككى تال بوي چېتىق ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە قارشى چېتىلىدۇ. ئاۋۋال ئاستى يۈزلۈكى، ئاندىن ئۈستى يۈزلۈكى ئورنىتىلىدۇ. ئاستى ـ ئۈستى يۈزلۈكلىرىگە چېتىق سې-

لىپ، رەڭلىك پەنەركە مىخلاشقىمۇ ياكى ياغاچتىن يۈزلۈك قىلىپ سىرلاپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە چاي ئۈستىلىنىڭ ئېگىزلىكى 62 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 120 ~ 150 سانتىمې-تىر بولىدۇ.


1





2



3





2. 23 - رەسىم. ئەگرى پۇتلۇق چاي ئۈستىلى ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى
1. پۇت؛ 2. چېتىق؛ 3. يۈزلۈك.



2 .24 ـ رەسىم. ئەگرى پۇتلۇق چاي ئۈستىلىنى چېتىش ئۇسۇلى

**2. قىرما پۇتلۇق چاي ئۈستىلى**


قىرما پۇتلۇق چاي ئۈستىلىنىڭ پۇتلىرى مەخسۇس قىرغۇچلار ئارقىلىق مەلۇم شەكىلدە قىرىپ تەييارلىنىدۇ. قالغان يەرلىرى ئەگرى پۇتلۇق چاي ئۈستىلىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ.



2 .25 ـ رەسىم. قىرما پۇتلۇق چاي ئۈستىلى


**3. سافانىڭ ئالدىغا ۋە ئىككى سافانىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدىغان چاي ئۈستىلى**

سافانىڭ ئالدىغا ۋە ئىككى سافانىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدىغان ساندۇقلۇق، ساندۇقسىز چاي ئۈستەللىرىمۇ بار بولۇپ، بۇ خىل چاي ئۈستەللىرىنىڭ شەكلى خىلمۇ خىل بولغاچقا، ياساش ئۇسۇلىمۇ مۇرەككەپرەك. تۆۋەندە ساندۇقلۇق چاي ئۈستىلىنى ياساشنى تونۇشتۇرىمىز.




2 .26 ـ رەسىم. سافانىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان چاي ئۈستىلى

ساندۇقلۇق چاي ئۈستىلىنى ياساش مۇرەككەپ بولۇپ، ئاۋۋال ئارقا قىسمىنى، ئاندىن ئالدى قىسمىنى چېتىش، ئارقىدىن ئىككى كۆتۈر-گۈسىنى بېكىتىپ ئوتتۇرىسىدىكى يۈزلۈكنى بېكىتىش، ئاخىردا ئۈستى-دىكى گۈل قويىدىغان كىچىك يۈزلۈكنى چېتىپ بېكىتىش كېرەك. بۇ خىل چاي ئۈستىلىنى ياغاچ شالدا ياسىسىمۇ، پەنەر كە مىخلاپ ياسىسى-مۇ بولىدۇ. چاي ئۈستىلىنىڭ ئېگىزلىكى ساپانىڭ ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئۇزۇنلۇقى سافانىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، كەڭلىكى بەك كەڭ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.




2 .27 ـ رەسىم. ساندۇقلۇق چاي ئۈستىلىنى چېتىش ئۇسۇلى

# § 4 . ھەرخىل سافالارنى ياساش ئۇسۇللىرى


ئائىلە جاھازلىرى ئىچىدە سافانىڭ تۈرى ھەممىدىن كۆپ. ئائىلە ۋە ئىشخانىلاردا سافا شەكىللىك ئورۇندۇق، تاق كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك، تۆت كىشىلىك سافالار بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەخت ياكى خۇرۇم بىلەن ئورالغانلىرى ۋە پۇتلىرى، يانلىرى، يۆلەنچۈكلىرىگە نەقىش ئويۇلغانلىرى بار.

**1. سافا شەكىللىك ئورۇندۇقلار**

سافا شەكىللىك ئورۇندۇقلارنىڭ بىر كىشىلىك ۋە 3 ~ 4 كىشىلىك قىلىپ ياسالغانلىرى بار. بۇ خىل سافا شەكىللىك ئورۇندۇقلارنىڭمۇ ئاددىي ياسالغانلىرى ۋە مۇرەككەپ ياسالغانلىرى يەنى نەقىش ئويۇپ ياسالغانلىرىمۇ بار.


سافا شەكىللىك ئاددىي ئورۇندۇقلارنىڭ ئارقا تەرىپى خىزمەت ئورۇندۇقىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئالدى پۇتى يۆلەنچۈكتىن ئېگىز چىقىرىلىپ ئۈستىگە جەينەكلىك بېكىتىلىدۇ. بويىنىڭ ئېگىزلىكى 80 ~85 سانتىمېتىر بولىدۇ. كەڭلىكى 55 ~ 60 سانتىمېتىر بولىدۇ. كەينى پۇتىغا (ئەگرى پۇت) 8X3.5 سانتىمېتىرلىق ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. ئالدى پۇتىغا 5X5 سانتىمېتىرلىق ياغاچ ئىشلىتىلىدۇ. ئالدى پۇتىنىڭ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر بولىدۇ.

ئادەتتىكى سافا شەكىللىك ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكىنىڭ چېتىقلىرى 3X5 سانتىمېتىر بولىدۇ. تېگى چېتىقلىرى 3X3 سانتىمېتىر بولىدۇ. چېتىشتا ئاۋۋال كەينى تەرەپنى، ئاندىن ئالدى تەرەپنى، ئاخىرىدا بوي چېتىقلىرى بىلەن ئالدى ـ ئارقىسى چېتىلىدۇ.




2 . 28 ـ رەسىم. ساپا شەكىللىك ئورۇندۇقنىڭ ياغاچلىرىنى تەييارلاش

1. ئارقا پۇت؛ 2. ئالدى پۇت؛ 3. چېتىقلار.




2 . 29 ـ رەسىم. سافا شەكىللىك ئورۇندۇق

سافا شەكىللىك ئورۇندۇقنى بويىغا ئۇزارتىش ئارقىلىق ئىككى كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك ھەتتا 4 ~ 5 كىشىلىك قىلىپ ياساشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ خىل ساپا شەكىللىك ئورۇندۇقنىڭ ئارقا يۆلەنچۈك قىسمى بىلەن يۈزلۈكىنى رەخت، خۇرۇملار بىلەن كۆپتۈرمە بۇلۇت ئىلىپ ئوراپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

نۆۋەتتە ئىشخانا ۋە ئائىلىلەردە بۇ خىل ئورۇندۇقنىڭ پۇتلىرىغا، نەقىش ئويۇپ ياسالغانلىرى ئومۇملاشماقتا. بۇ خىلدىكى سافا شەكىللىك ئورۇندۇقلارنى مەيلى قانداق ياسىمايلى، ئۇلارنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئىش تەرتىپى ئوخشاش بولىدۇ.




2 . 30 ـ رەسىم. كۆپتۈرمە بۇلۇت ئىلىپ ياسالغان سافا شەكىللىك ئورۇندۇق

بۇ خىلدىكى ئالاھىدە ياسالغان سافا شەكىللىك ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكى ۋە يۈزلۈكىگە بەدەن شەكلىگە ماسلاشتۇرۇپ ئەگرى شادا چىتىقلارنى سېلىپ، رەخت، خۇرۇملار بىلەن ئورىماي ياسالغانلىرىمۇ ئومۇملاشماقتا.


**2. كۆپتۈرمە بۇلۇتلۇق سافا ياساش ئۇسۇللىرى**

نۆۋەتتە كۆپتۈرمە بۇلۇتلۇق تاق كىشىلىك، ئۈچ كىشىلىك سافا ۋە قاتار قىلىپ تىزىپ قويۇلىدىغان سافالار كەڭ ئومۇملاشماقتا. بۇ خىل سافالار ياساش ئوڭاي، تەننەرخى ئەرزان، كۆركەم بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ خىل سافالارنىڭ ئاستىنى ساندۇقلۇق ۋە ساندۇقسىز قىلىپ ياساشقىمۇ، ساندۇقنىڭ يانلىرى ۋە تېگىگە شال ۋە پەنەركە مىخلاشقىمۇ بولىدۇ. كەينى پۇتىنىڭ چىتىق كېلىدىغان يەرلىرىنى ئويۇپ چىتىق سېلىپ ئۈستىدىن مىخلاشقىمۇ ياكى چىتىقنى پۇتىغا توغرىلاپ سېلىپ تېشىدىن مىخلاشقىمۇ بولىدۇ. قۇراشتۇرۇشتا ئاۋۋال ئارقا تەرىپى ئاندىن ئالدى تەرىپى ئاخىردا ئارقا تەرىپى بىلەن ئالدى تەرىپى چىتىلىپ سافانىڭ رامكىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. يۆلەنچۈكىنىڭ يانتۇلۇق دەرىجىسى 105° بولىدۇ. بۇنداق تاق كىشىلىك سافالارنىڭ ئېگىزلىكى 70 ~ 90 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 40 ~ 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. يۈزلۈكىنىڭ يەر يۈزى بىلەن بولغان ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر بولىدۇ.




2. 31 ـ رەسىم. تاق كىشىلىك سافا ياغاچلىرىنى تەييارلاش


1. كەينى پۇت 2. ئالدى پۇت 3. چىتىقلار.





2.32 ـ رەسىم. تاق كىشىلىك سافا

### 3. تاق كىشىلىك سافالارنىڭ يېنى

تاق كىشىلىك سافالارنىڭ ئەڭ چېتىگە تىزىلىدىغانلىرىغا يانلىق بېكىتىش توغرا كەلسە ياكى ھەر ئىككى تەرەپكە يانلىق بېكىتىشكە توغرا كەلسە، يېنىنى مۇنداق ياساش كېرەك. ئادەتتە يانلىق سافانىڭ ئېگىزلىكىدىن 20 ~ 25 سانتىمېتىر پەس بېكىتىلىدۇ. يانلىق، سافانىڭ يۈزلۈكىدىن15 ~ 20 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇزۇنلۇقى سافانىڭ ئالدى-ئارقىغا تەڭ بولىدۇ. يانلىق ياسىلىپ، رەختلەر بىلەن ئورىلىپ بولغاندىن كېيىن سافانىڭ ئىچى تەرىپىدىن مىخلىنىپ بېكىتىلىدۇ. يانلىقنىڭ قېلىنلىقى 10 ~ 15 سانتىمېتىر بولىدۇ.



2.33 ـ رەسىم. سافانىڭ يانلىرىنىڭ ياسىلىشى




2.34 ـ رەسىم. سافا يانلىرى

كۆپتۈرمە بۇلۇتلۇق سافانى ئۈچ كىشىلىك ۋە تۆت كىشىلىك قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا تاق كىشىلىك سافانىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆزگەرتمەي توغرىسىنى ئۇزارتسا كۇپايە قىلىدۇ. ياسىلىش قانۇنىيىتى تاق كىشىلىك سافا بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا سافانىڭ بەللىك قىسمى ۋە ئولتۇرىدىغان يېرىگە پۇرژىنا ئورنىتىلىپ ئۈستىگە يوتقان تۈرلىرىنى سېلىپ، رەختلەر بىلەن ئوراپ ياسايدىغان سافالارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ ياسىلىش تەرتىپى بىر كىشىلىك سافاغا ئوخشايدۇ.

## 5 § . نەقىشلىك سافالارنى ياساش ئۇسۇللىرى

هازىر دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تاق كىشىلىك ۋە ئۈچ كىشىلىك سافا پۇتلىرىدىن تارتىپ يۆلەنچۈكلىرىگىچە نەقىشلىك قىلىپ ياسىلىۋاتىدۇ. بۇنداق سافالارغا ئەمگەك ۋە هۈنەر كۆپ كېتىدۇ. بىراق سافا كۆركەم، سەنئەتلىك بولىدۇ.نەقىشلىك سافالارنى ياساش ئۇسۇلى كۆپتۈرمە بۇلۇتلۇق سافالارنىڭ ياساش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت سافالارنىڭ پۇتى، يۆلەنچۈكى نەقىشلىك قىلىنىدۇ. يۆلەنچۈك جاهازسىغا رەخت ياكى خۇرۇملار كەينى تەرەپتىن مىخلىنىپ، ئاندىن كۆپتۈرمە بۇلۇت سېلىنىپ شال ياكى قېلىن پەنەركە بىلەن قاپلىنىۋېتىلىدۇ.



2 . 35 ـ رەسىم. نەقىشلىك تاق كىشىلىك سافا



2. 36 ـ رەسىم. ئۈچ كىشىلىك نەقىشلىك سافانىڭ راسلىنىشى

ئۈچ كىشىلىك قىلىپ ياسالغان نەقىشلىك سافالارنىڭ ياسىلىشىمۇ يۇقىرىدىكى بىر كىشىلىك سافالارنىڭ ئۇزارتىلىپ ياسىلىشىغا ئوخشاش بولۇپ، ياسىلىش قانۇنىيىتى ئوخشاش بولىدۇ.

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا شال مىخلانغان ئورۇندۇق، تۆت پۇتلۇق كىچىك ۋە ئۇزۇن ئورۇندۇق، تابىراتكا، يۇمىلاق ئورۇندۇق، قاتلىما ئورۇندۇق، خىزمەت ئۈستىلى، ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقى، چاي جوزىسى، ھەر خىل چاسا ئۈستەل، يۇمىلاق ئۈستەل، ھەر خىل يېزىقچىلىق ئۈستەللىرى،ھەر خىل چاي ئۈستەللىرى، سافا شەكىللىك ئورۇندۇق، ئادەتتىكى سافا ۋە نەقىشلىك سافالارنى ياساش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار ئۆي جاھازلىرى ياغاچچىلىقىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ.

شۇڭا، ئۆگەنگۈچىلەر ۋاقىت چىقىرىپ يۇقىرىقى نەرسىلەرنى ياساشنى

مەشىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى سىناپ بېقىشى كېرەك. نەرسە-لەرنى ياسىغاندا ئۆلچەم بىرلىكىگە دىققەت قىلىپلا قالماي، سۈپىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېڭى شەكىللەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋە ئۇنى ياساپ چىقىشقا تىرىشىش لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. شال مىخلانغان ئورۇندۇق قانداق ياسىلىدۇ؟
2. تۆت پۇتلۇق كىچىك ئورۇندۇق ۋە چوڭ ئورۇندۇق قانداق يا-سىلىدۇ؟
3. تابىراتكا قانداق ياسىلىدۇ؟
4 يۇمىلاق ئورۇندۇق قانداق ياسىلىدۇ؟
5. قاتلىما ئورۇندۇق قانداق ياسىلىدۇ ؟
6. خىزمەت ئۈستىلى قانداق ياسىلىدۇ؟
7. ئوقۇغۇچىلار ئورۇندۇقى قانداق ياسىلىدۇ؟
8. چاي جوزىسى قانداق ياسىلىدۇ؟
9. چاسا ئۈستەل، يۇمىلاق ئۈستەللەر قانداق ياسىلىدۇ؟
10. ئوقۇغۇچىلار ئۈستىلى قانداق ياسىلىدۇ؟
11. يېزىقچىلىق ئۈستەللىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
12. ئەگرى پۇتلۇق چاي ئۈستەللىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
13. ساپا شەكىللىك ئورۇندۇقلار قانداق ياسىلىدۇ؟
14. كۆپتۈرمە بۇلۇتلۇق ئادەتتىكى ساپالار قانداق ياسىلىدۇ؟
15. تاق كىشىلىك سافالارنىڭ يېنى قانداق ياسىلىدۇ؟
16. نەقىشلىك سافالار قانداق ياسىلىدۇ؟


# ئۈچىنچى باب ھەرخىل ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

## 1 § . ھەرخىل قىسقا ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

قىسقا ئىشكاپ شەكلىدىكى ئائىلە جاھازلىرى خېلى كۆپ بولۇپ شەكلى ۋە ياسىلىشى بىر-بىرىگە ئوخشاشمايدۇ.


**1. تومپۇچكىنى ياساش**

تومپۇچكىمۇ قىسقا ئىشكاپ تۈرىدىكى ئائىلە جاھازىسى بولۇپ، ئۆيدىكى تار بولغان يەرلەرگە قويۇلىدۇ. دوختۇرخانىلاردا بولسا كارىۋات يېنىغا قويۇلىدۇ. تومپۇچكىنىڭ ياسىلىشى ئاددىي، ئىشلىتىش ئەپلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا ماتېرىيال ئاز كېتىدۇ. تومپۇچكىنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، بويىغا كەڭلىكى 55 سانتىمېتىر، توغرىسىغا كەڭلىكى 40 سانتىمېتىر بولىدۇ. تومپۇچكىنى بىر تارتما بىر ئىشكلىك، ئىككى تارتما بىر ئىشكلىك، ئىككى تارتما، ئىككى ئىشكلىك قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. تومپۇچكىنىڭ پۇتى 6X3 سانتىمېتىر ياغاچتىن ياسىلىدۇ. چېتىقلىرى 4X3 سانتىمېتىرلىق ياغاچتىن ياسىلىدۇ. يۈزلۈكىگە 2 سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى شال ئىشلىتىلىدۇ. تومپۇچكىنىڭ ئەتراپىنى شال ياكى پەنەركە بىلەن قاپلىسىمۇ بولىدۇ. تومپۇچكىنى چېتىشتا ئاۋۋال ئىككى يان تەرىپىنى، ئاندىن چېتىقلار بىلەن ئالدى-ئارقىسىنى چاتىمىز.



3.1 - رەسىم. تومپۇچكىنى قۇراشتۇرۇش

2 1



3.2 - رەسىم. ھەر خىل تومپۇچكىلار


1. بىر تارتما بىر ئىشكلىك تومپۇچكا؛ 2. ئىككى تارتما ئىككى ئىشكلىك تومپۇچكا.

### 2. قىسقا ئىشكاپنى ياساش

قىسقا ئىشكاپ ئائىلىلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئائىلە جاھازىسى بولۇپ، ئۈستى ئەمبەللىك ۋە ئەمبەلسىز، تارتمىلىق ياكى تارتمىسىز، ئىككى ئىشكلىك ياكى ئۈچ ئىشكلىك قىلىپ، ياكى ئالدى ئىشىكلىرى ئەينەكلىك قىلىپ ياسىلىدۇ.


قىسقا ئىشكاپنىڭ ئېگىزلىكى 70 ~ 80 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 ~ 60 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 130 سانتىمېتىر بولىدۇ. قىسقا ئىشكاپنى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك ئاددىي ياساش ئۇسۇلىدىن باشقا، تارتما، ئىشىك تاختىلىرىغا نەقىش ئويۇپ ياكى نەقىشنى ئويۇپ، چاپلاپ ياساش ئۇسۇللىرى بار. قىسقا ئىشكاپنىڭ ئىككى يان ۋە كەينى تەرىپىنىڭ شاللىرى يېنىچە كىرگۈزۈلىدۇ. ئالدى كۆزنەكلىرىگە ئىشىك، تارتما بېكىتىلىدۇ. ئىشكاپنىڭ پۇتلىرىغا 6X4، 5X3.5 سانتىمېتىرلىق، چېتىقلىرىغا 3X4 سانتىمېتىرلىق ياغاچ راسلىنىدۇ. يۈزلۈك شىلىنىڭ قېلىنلىقى 3 سانتىمېتىر بولىدۇ.

قىسقا ئىشكاپنى چېتىشتا ئاۋۋال ئىككى توغرا بېشىنى، ئاندىن ئالدىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن كەينى تەرىپىنى ئايرىم - ئايرىم چېتىۋېلىپ، ئاخىرىدا ئالدى ۋە ئارقا چېتىقلىرى بىلەن ئىككى توغرا بېشىنى چاتىمىز.





3.3 ـ رەسىم. قىسقا ئىشكاپ ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى

1. پۇت؛ 2. چېتىقلار؛ 3 . يۈزلۈكى؛ 4. پەۋاز.



4.3 ـ رەسىم. قىسقا ئىشكاپنى قۇراشتۇرۇش


قىسقا ئىشكاپنى يەنە تارتمىلىرىنى تۆۋەن تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئائىلىلەردە ئۆزگىچە شەكىللەر بىلەن ياسالغان ھەرخىل قىسقا ئىشكاپلارنى ئۇچرىتىمىز.





5.3 ـ رەسىم. ھەر خىل قىسقا ئىشكاپلارنىڭ شەكىللىرى

### 3. ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپنى ياساش

هازىر ئائىلىلەردە ھەم قىسقا ئىشكاپ ئورنىدا، ھەم ئەمبەل ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قىسقا ئىشكاپلار بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ياسىلىشىمۇ ئادەتتىكى قىسقا ئىشكاپ بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۈزلۈكى ئۈستىگە ئېگىزلىكى 10 ~ 15 سانتىمېتىرلىق پەۋاز شال مىخلىنىپ، ئۈستى يەنە يۈزلۈك شال بىلەن يېپىلىدۇ. قىسقا ئىشكاپنىڭ يۈزلۈكى ئەمبەل بولىدۇ.





3.6 ـ رەسىم. ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپنىڭ ئۈستى جاھازىسى




3.7 ـ رەسىم. ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپ

ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپنىمۇ ئۈچ تارتمىلىق، ئىككى ئىشىكلىك، ئاستى قىسمىنى تارتمىلىق، ئىشىكلىك قىلماي بىر نەچچە كاتەكلەرگە بۆلۈپ، چىنە ـ تەخسە قويىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ ۋە باشقا شەكىللىك قىلىپ ياساشقا بولىدۇ.




3. 8 ـ رەسىم. ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپ شەكىللىرى


## 2 § . ھەرخىل كىتاب ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئائىلە جاھازلىرى ئىچىدە كىتاب ئىشكاپلىرىمۇ خېلى مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭمۇ ياسىلىش شەكلى خىلمۇخىل بولىدۇ.


**1. پاكار كىتاب ئىشكاپىنى ياساش**


پاكار كىتاب ئىشكاپىنى ئائىلىلەردە كىتاب ساقلاش، ئۈستىگە تېلېۋىزور قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇش ياكى ئۈستىدە يېزىقچىلىق قىلىش مەقسىتىدە ياسايدۇ. بۇنداق ئىشكاپلارنىڭ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئەھۋالغا قاراپ كەڭلىكنى ئۇزارتسىمۇ بولىدۇ. ئىشكاپنىڭ پۇتلىرىنى ئايرىم چىقارسىمۇ ياكى ئېگىزلىككە قوشۇپ بىۋاستە چىقارسىمۇ بولىدۇ. ئەترا-


پىنى شال قىلىسمۇ، پەنەركە بىلەن ئورىسىمۇ بولىدۇ. پاكار كىتاب ئىشـ
كاپلىرىنى چىتىشتىمۇ ئاۋۋال ئىككى يېنىنى، ئاندىن ئالدى - ئارقىسىنى
چىتىپ، ئاخىرىدا ئىككى يان تەرەپ بىلەن ئالدى - ئارقىسىنى چىتىپ
پۈتتۈرىمىز.



3.9 - رەسىم. پاكار كىتاب ئىشكاپىنى قۇراشتۇرۇش






3. 10 ـ رەسىم. ھەر خىل پاكار كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ شەكىللىرى

## 2. ئېگىز كىتاب ئىشكاپىنى ياساش

ئېگىز كىتاب ئىشكاپى خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ياسىلىش شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ.


ئېگىز كىتاب ئىشكاپىنى مال تىزىش جازىسىدەك تېگىدىن ئۈستىگىچە كىتاب تىزىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ، تېگى قىسمىنى ساندۇق، ئۈستى قىسمىنى كىتاب تىزىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ، كىتاب تىزىدىغان يەرلەرنى ئوچۇق قىلىشقىمۇ، ئەينەكلىك قىلىشقىمۇ ياكى ئىشىك بېكىتىپ قۇلۇپ سالىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ ۋە ياكى ئۈستىنى كىتاب ئىشكاپى، ئاستىنى ئۈستەل قىلىپ ياساپ ھەم يېزىقچىلىق قىلىدىغان، ھەم كىتاب ساقلايدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

ئېگىز كىتاب ئىشكاپلىرىنى ياساشتا پۈتۈنى ئىشكاپنىڭ ئېگىز بوي چېتىقىدىن چىقىرىشقىمۇ، تېگىنى جاھازلىق قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كىتاب ئىشكاپلىرىنى چېتىشمۇ پاكار كىتاب ئىشكاپلىرىنى چېتىش تەرتىپىگە ئوخشايدۇ.


بۇنداق كىتاب ئىشكاپىنىڭ كىتاب تىزىش ئورۇنلىرىنى بۆلگەندە كىتاب تىزىش ئورۇنلىرىنىڭ كەڭ ياكى تار بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم. ھازىر بەزى ژۇرنال، كىتابلارنىڭ فورماتى خەلقئارالىق فورمات بويىچە ژۇرنالنىڭ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتىر،كەڭلىكى 21 سانتىمېتىر، كىتابلارنىڭ ئېگىزلىكى 21 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتىر قىلىپ ئىشلەنمەكتە. شۇڭا، ژۇرنال تىزىدىغان ئورۇنلار بىلەن كىتاب تىزىدى-


غان ئورۇنلار يۇقىرىقى ئۆلچەمگە ماس كېلىشى لازىم.

كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 150 ~ 180 سانتىمېتىر بولىدۇ. قېلىنلىقى 20 ~ 40 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياغاچلىرىنىڭ بوي ۋە توغرا چېتىقلىرى 3X5 سانتىمېتىر ئادەتتىكى چېتىقلىرى 4X3سانتىمېتىر بولىدۇ.




3. 11 ـ رەسىم. ئېگىز كىتاب ئىشكاپىنى قۇراشتۇرۇش






3. 12 ـ رەسىم. ئاددىي كىتاب ئىشكاپىنىڭ شەكىللىرى





3. 13 ـ رەسىم. تارتمىلىق كىتاب ئىشكاپى

### 3. ئۇستەللىك كىتاب ئىشكاپىنى ياساش

بۇ خىل كىتاب ئىشكاپىنىڭ تېگى، ئۈچ تارتمىلىق ئىككى ئىشكىلىك يېزىقچىلىق ئۈستىلى بولۇپ، كىتاب ئىشكاپى ئايرىم ياسىلىپ، يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىلەپ مىخلىنىدۇ. كىتاب ئىشكاپىنى قۇراشتۇرۇشتا ئاۋۋال ئىككى يېنى، ئاندىن ئالدى- كەينى قىسمى

قۇراشتۇرۇلۇپ ئاخىردا بوي چېتىقلار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ جاھاز تەيـ
يارلىنىدۇ.




3 . 14 ـ رەسىم. ئۇستەللىك كىتاب ئىشكاپى


## 3 § . ھەرخىل بۇلۇڭ ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

بۇلۇڭ ئىشكاپلىرى ئۆيلەرنىڭ بۇلۇڭلىرىغا قويۇلىدۇ. بۇلۇڭ ئىشكاپـ
لىرىنىڭمۇ ھەرخىل نۇسخىلىرى بار.


**1. پاكار بۇلۇڭ ئىشكاپىنى ياساش**

بۇلۇڭ ئىشكاپى ياساش بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئادەتتە بۇلۇڭ ئىشكاپىنىڭ ئېگىزلىكى سافانىڭ ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولۇشى، ئەڭ ئېگىز بولغاندىمۇ 70 ~ 90 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇلۇڭ ئىشكاپىنىڭ يانلىرىنىڭ كەڭلىكىمۇ 60 ~ 70 سانتىمېـ

تىر بولىدۇ. مەخسۇس ياغاچتا ياساشقىمۇ، جاھازا رامكىسىنى ياغاچتا ياساپ قالغان يەرلىرىنى پەنەركە بىلەن قاپلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.



3.15 ـ رەسىم. پاكار بۇلۇڭ ئىشكاپىنى قۇراشتۇرۇش




3.16 ـ رەسىم. ھەرخىل پاكار بۇلۇڭ ئىشكاپلىرىنىڭ شەكىللىرى

### 2. ئېگىز بۇلۇڭ ئىشكاپىنى ياساش


ئائىلىلەردە يەنە بۇلۇڭ ئىشكاپلىرىنى ئۆينىڭ كارىدور، پەگاللىرىغا قويۇپ، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ، VCD, DVD قاتارلىق ئاپپاراتلارنى قويۇش، ھەتتا چىنە ـ قاچا ۋە باشقا نەرسىلەرنى قويۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىش ئومۇملاشماقتا.

مەيلى پاكار بۇلۇڭ ئىشكاپلىرى بولسۇن ياكى ئېگىز بۇلۇڭ ئىشكاپلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ئارقا تەرىپى بۇلۇڭنىڭ چوقۇم 90° بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، بۇلۇڭ رامكىسى ياغاچتا ياسىلىشى، تارتمىلىرى بۇلۇڭغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىشى كېرەك. بۇلۇڭ ئىشكاپلىرىنىڭ ياغاچلىرىمۇ ئېگىز كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ ياغاچلىرى بىلەن ئوخشاش راسلى-

ندۇ. بۇلۇڭ ئىشكاپلىرىنى قۇراشتۇرۇشتىمۇ ئاۋۋال ئىككى يان قسمىنى قۇراشتۇرۇش، ئاندىن ئالدى - ئارقىسىنى قۇراشتۇرۇپ، ئاندىن يانلىرىنى چېتىش كېرەك. ئاخىرىدا ئىشكلىرىنى قاپلاش، تارتمىلىرىنى سېلىش، ئەڭ ئاخىرىدا يۈزلۈكنى ئورنىتىش كېرەك.



3. 17 - رەسىم. ئېگىز بۇلۇڭ ئىشكاپلىرىنى قۇراشتۇرۇش




3. 18 - رەسىم. ئېگىز بۇلۇڭ ئىشكاپى

## 4 § . ھەرخىل كىيىم ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

كىيىم ئىشكاپلىرى، ئائىلىلەردە مەخسۇس كىيىم-كېچەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى بۆلۈنمەي ياسالغانلىرىغا، كىيىملەرنى ئېسىپ قويۇشقا، قاتلاپ رەتلىك تىزىپ قويۇشقا بولىدۇ. ھازىر ئائىلىلەردە كۆپرەك ئىشلىتىۋاتقىنى ئۈچ ئىشىكلىك كىيىم ئىشكاپى بولۇپ، ئىشكاپنىڭ ئىككى يېنىدا بىردىن ئىككى ئىشىك، ئوتتۇرىدا بىر ئەينەكلىك ئىشىك بولىدۇ. ئەينەكلىك ئىشىكنى ئېچىلمايدىغان ياكى ئېچىلىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

كىيىم ئىشكاپلىرىنىڭ يان ۋە ئارقا تەرىپىنى شال ياكى پەنەركە بىلەن توسۇشقا بولىدۇ. كىيىم ئىشكاپلىرىنىڭ پۇتلىرىنى تۈز پۇتلۇق قىلىپ ياساشقىمۇ، ئەگرى پۇتلۇق قىلىپ ئالاھىدە ياساشقىمۇ بولىدۇ. كىيىم ئىشكاپىنىڭ تېگى ئايرىم رامكا قىلىپ ياسىلىدۇ. گەۋدىسى ئايرىم رامكا قىلىپ ياسىلىپ، ئاستى رامكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ مىخلاپ چىتىلىدۇ.

**1. ئۈچ ئىشىكلىك ئاددىي كىيىم ئىشكاپىنى ياساش**

**1) ياسىلىش ئۆلچىمى**


ئۈچ ئىشىكلىك ئاددىي كىيىم ئىشكاپىنىڭ كەڭلىكى 120 ~ 140 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 50 ~ 60 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 175 ~ 185 سانتىمېتىر، پۇتلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 16 ~ 20 سانتىمېتىر، پۇت قىلىنىدىغان ياغاچنىڭ چاسىلىقى 7X7 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئەينەكلىك ئىشىكنىڭ كەڭلىكى50 ~ 60 سانتىمېتىر، يان ئىشىكلىرىنىڭ كەڭلىكى 35 ~ 42 سانتىمېتىر بولىدۇ.

ماتېرىيال راسلاشتا، ئېگىزلىككە ئىشلىتىدىغان ياغاچلارنىڭ ئۆلچىمى 5.5X3.5 سانتىمېتىر، توغرىسىغا قويۇلىدىغان ياغاچلارنىڭ ئۆلچىمى 4X2.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. كىيىم ئىشكاپىنىڭ يانلىرىغا شال قاپلاشقا توغرا كەلسە، شالنىڭ قېلىنلىقى 1.2 ~ 1.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. كىيىم ئىشكاپىنى، تۈرۈملارنى تېگىشتۈرۈپ چېتىش ئۇسۇلى بويىچە،

ئاۋۋال ئىككى يان تەرەپ، ئاندىن ئالدى - ئارقا تەرەپى چېتىلىپ، ئاخىرىدا ئاستى رامكىغا مىخلاپ بېكىتىلىدۇ. يەنە ئالدى - ئارقىسىنى قۇراشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن ئىككى يانىنى قۇراشتۇرسىمۇ بولىدۇ.

**2) كىيىم ئىشكاپىنىڭ پۇتىنى ياساش**

كىيىم ئىشكاپىنىڭ پۇتىنى ياسىغاندا 7X7 سانتىمېتىرلىق، ئۇزۇنلۇقى 20 ~ 35 سانتىمېتىرلىق ياغاچنى رەندىلەپ ئۇزۇن - قىسقا بالداق قىلىمىز. بالداق كەسمە يۈزىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئەندىز ئۈستىگە، تۇرۇم تۆشۈكلىرىنىڭ ئورنى ۋە ئەگرىلىك يايلىرىنى سىزىۋېلىپ، ئويما ھەرە بىلەن كېسىۋالىمىز. ئاندىن ئەندىزنى پۇت قىلىدىغان ياغاچنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يەنە بىر يۈزىگە نىسپىي ھالدا تۇرۇم تۆشۈكلىرىنىڭ ئورنى ۋە ئەگرى سىزىقلىرىنى سىزىۋالىمىز. ئاندىن تۆشۈكلىرىنى ئاچىمىز. ئەگرى سىزىق قارىسى بويىچە ھەرىدەپ پۇتىنى چىقىرىۋالىمىز. بىر يۈزىگە ئەگرى سىزىق سىزىپ بولۇپ، ئىككىنچى يۈزىنى كېسىمىز. ئاندىن يەنە بىر يۈزىدىكى ئەگرى سىزىقنى سىزىپ ھەرىدەيمىز. تۆت يۈزىگە ئىككى قېتىم سىزىق سىزىپ، تۆت قېتىم ھەرىدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئاخىردا ئىسكىنە، چوپسا، ئېكەكلەر بىلەن سىدىلىقدايمىز. كىيىم ئىشكاپلىرىنىڭ پۇتلىرى قىسقا بولغاچقا، ئەڭ ياخشىسى تۆت پۇتنى ئىككى تال ياغاچتىن چىقىرىش لازىم. شۇنداق قىلغاندا تۆشۈكلەرنى تېشىش ئاسان بولىدۇ. پۇت ياسىغاندا پۇتنىڭ ئۈستى قىسمىنى سەل زاپاس قالدۇرۇپ ياساپ، ئاستىنقى رامكا چېتىلىپ بولغاندا كېسىۋېتىش لازىم. ئەگرى پۇتنىڭ تۈزۈلۈشى چىرايلىق، ئەگمىلىرى كۆركەم ياسىلىشى كېرەك. پۇتنىڭ ئالدى ۋە يان تەرىپىنىڭ رامكا يۈزىدىن سەل-پەل چىقىپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.



3. 19 - رەسىم. كىيىم ئىشكاپىنىڭ پۇتلىرى

**3) كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى رامكىسىنى ياساش**


پۇت ياسىلىپ بولغانىدىن كېيىن، توغرا چېتىق بىلەن ئاستىنقى رامكىنىڭ توغرا چېتىقلىرىنى چاتىمىز. ئاندىن كەڭلىكىگە ئاساسەن ئۇزۇنىسىغا تۇتاشتۇرىدىغان ئوتتۇرا چېتىقلىرىنى چېتىۋېلىپ، ئۇزۇنىسىغا پۇت بار چېتىقلىرى بىلەن چېتىپ كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى رامكىسىنى پۈتتۈرىمىز.



3. 20 ـ رەسىم. كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئاستىنقى رامكىسى

**4) كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستۈنكى رامكىسىنى ياساش:**

كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستۈنكى رامكىسى ئايرىم چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئاۋۋال توغرىسىغا، ئاندىن ئۇزۇن بويىغا چېتىش كېرەك. ئۈستۈنكى رامكىسىنىڭ ئۇزۇن بوي، توغرا بويلىرى، ئاستىنقى رامكىسىنىڭ ئۇزۇن بوي، توغرا بويلىرىغا ئۈستمۇ ئۈست چۈشۈشى، ئاستىنقى رامكىسىدىكى چېتىق بىلەن ئۈستۈنكى رامكىسىدىكى تۇتاشتۇرغۇچى توغرا چېتىقلارمۇ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستۈنكى رامكىسىنىڭ چېتىلىشى ئىنتايىن توغرا بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئىشكاپىنىڭ ئىشىكلىرىنى قاپلاشتا ئاۋارىگەرچىلىك كۆرۈلىدۇ.



3 . 21 ـ رەسىم. كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئۈستۈنكى رامكىسى





3 . 22 ـ رەسىم. ئىككى ئىشىكلىك ئاددىي كىيىم ئىشكاپى

## 2. نەقىشلىك كىيىم ئىشكاپىنى ياساش

نەقىشلىك كىيىم ئىشكاپىنىڭ خىللىرى كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ياغاچ راسلاش ئۆلچىمى، ياسىلىش قانۇنىيىتى يۇقىرىدىكى ئاددىي كىيىم ئىشكاپىنى ياساش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. نەقىشلىك كىيىم ئىشكاپى ئىشىك ۋە تارتمىلىرىغا ئويۇلغان ياكى ئويۇپ چاپلانغان نەقىشلەر، ئىشكاپ ئۈستىگە مىخلانغان بىرقانچە قەۋەت ھەر خىل قوش پىلتىلىك ناۋا،چاقماق، ئوشۇقچە،چىغ باستى قاتارلىقلار بىلەن ئاددىي كىيىم ئىش-

كاپىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كىيىم ئىشكاپىنى ياساشقا ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ. بۇ خىل كىيىم ئىشكاپىنىڭ باھاسى قىممەت بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ.




3. 23 ـ رەسىم. نەقىشلىك كىيىم ئىشكاپى


## 5 § . ئېگىز ـ پەس ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

ھازىر ئائىلىلەردە بىر تەرىپى ئېگىز، بىر تەرىپى پەس بولغان، بىر تەرىپىنى كىيىم ئىشكاپى، بىر تەرىپىنى قاچا-قۇچىلارنى قويۇشقا، ئوتتۇرىسىغا يەنە ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزورلارنى ئاستىدىكى تارتمىدا دورا ـ دەرمەكلەرنى ساقلاشقا بولىدىغان بىر خىل ئىشكاپ ئومۇملاشماقتا. بۇ خىل ئىشكاپنىڭ ياغاچلىرىنىڭ ئۆلچىمى، راسلىنىشى، چېتىلىشى، كىيىم ئىشكاپىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ خىل ئىشكاپنىڭمۇ ئاستىنقى رامكىسى كىيىم ئىشكاپلىرىنىڭكىدەك ئايرىم ياسىلىدۇ. ئېگىز تەرىپى بىلەن پەس تەرىپىمۇ ئايرىم ياسىلىپ، ئېگىز ـ پەس گەۋدىلەر توغرا چېتىق بىلەن چېتىپ، ئاستى رامكىسىغا مىخلاپ قۇراشتۇرۇلىدۇ.


بۇ خىل ئېگىز ـ پەس بولغان ئىشكاپنىمۇ ئاددىي قىلىپ ياساشقىمۇ، نەقىشلىك قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.



3. 24 ـ رەسىم. ئېگىز ـ پەس ئىشكاپنىڭ ئېگىز تەرىپى



3. 25 ـ رەسىم. ئېگىز ـ پەس ئىشكاپنىڭ پەس تەرىپى





3. 26 ـ رەسىم. ئېگىز ـ پەس ئىشكاپ

## § 6 . ھەر خىل تام ئىشكاپلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى


ئۆيىنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش، تاملىرىنى بېزەش مەقسىتىدە كىشىلەر ئۆيىنىڭ تاملىرىغا تام ئىشكاپلىرىنى چىقىرىپ، ئۆي سېلىشنى ئادەت قىلماقتا. ئادەتتە تام ئىشكاپلىرىنى ياساشتا ئالدى بىلەن كېشەك ياساپ، كېشەك تامغا ئورنىتىلىدۇ.

ئىشكاپنىڭ ئىشىكلىرى كېشەك ئىچىگە ئورنىتىلىدۇ. بۇ خىل ئىشكاپلارنىڭ ئالدى تەرىپىلا ياسىلىدۇ. يېنى ۋە كەينىنى تام توسۇپ تۇرىدۇ. ئىشكاپنىڭ ئىچى كېشەككە ئورنىتىپ قويۇلغان كۆتۈرگۈلەرنىڭ ئۈستىگە شال قويۇش ئارقىلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدۇ. تام ئىشكاپنى كىيىم قويۇش، قاچا-قۇچا ساقلاش، يېمەك - ئىچمەك ساقلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.


### تام ئىشكاپلىرىنىڭ شەكىللىرى



3. 27 - رەسىم. ئادەتتىكى قاپقاقلىق تام ئىشكاپى




3. 28 ـ رەسىم. ئالدى ئەينەكلىك تام ئىشكاپى



3. 29 ـ رەسىم. ئالدى نەقىشلىق تام ئىشكاپى

## 7 § . ھەر خىل ئىشكاپلارنىڭ ئىشىك، تارتما، بۇلۇڭلىرى ئۈستىگە ئىشلىتىلىدىغان نەقىش ئۆرنەكلىرى


### 1. تارتمىنىڭ نەقىشلىرى




3. 30 ـ رەسىم. تارتمىنىڭ نەقىشلىرى

## 2. ئىشكاپ ئۈستىنىڭ نەقىشلىرى









3 .31 ـ رەسىم. ئىشكاپ ئۈستىنىڭ نەقىشلىرى

### 3. ئىشكاپ ئىشىكىنىڭ نەقىشلىرى







3 .32 ـ رەسىم. ئىشكاپ ئىشىكىنىڭ نەقىشلىرى

## 4). ئىشكاپ بۆلۈكلىرىنىڭ نەقىشلىرى







3. 33 ـ رەسىم. ئىشكاپ بۆلۈگلىرىنىڭ نەقىشلىرى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ باپتا تومپۇچكا، قىسقا ئىشكاپ، ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپ، ھەر خىل كىتاب ئىشكاپى، بۇلۇڭ ئىشكاپى، كىيىم ئىشكاپى، تام ئىشكاپلىرى ۋە ئېگىز - پەس ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە، ئىشىكىگە، بۇلۇڭلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان نەقىشلەر تونۇشتۇرۇلغان. قىسقا ئىشكاپ، بۇلۇڭ ئىشكاپ، كىيىم ئىشكاپى ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان زۆرۈر بۇيۇم بولغاچقا، ئۆگەنگۈچىلەر بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇلارنى ياساپ بېقىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆگەنگىنىنى نامايان قىلىشى، سۈپەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.


## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. تومپۇچكا قانداق ياسىلىدۇ؟
2. قىسقا ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
3. ئەمبەللىك قىسقا ئىشكاپ قانداق ياسىلىدۇ؟
4. پاكار كىتاب ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
5. ئېگىز كىتاب ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
6. ئۈستەللىك كىتاب ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
7. پاكار بۇلۇڭ ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
8. ئېگىز بۇلۇڭ ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
9. كىيىم ئىشكاپىنى ياساشنىڭ ئۆلچىمىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
10. كىيىم ئىشكاپىنىڭ پۇتلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
11. كىيىم ئىشكاپىنىڭ تەگ ئاستىنقى رامكىسى قانداق قۇراشتۇرۇلىدۇ؟
12. نەقىشلىك كىيىم ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
13. ئېگىز - پەس ئىشكاپ قانداق ياسىلىدۇ.
14. ئادەتتىكى تام ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
15. ئالدى ئەينەكلىك ۋە نەقىشلىك تام ئىشكاپى قانداق ياسىلىدۇ؟
16. ئىشكاپلارنىڭ تارتما، ئىشىك، بۇلۇڭلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە گۈل- نەقىشلىرىنى سىزىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

# تۆتىنچى باب ساندۇق، كات ۋە كارىۋاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

## 1 § . ئادەتتىكى ياغاچ ساندۇقنى ياساش ئۇسۇلى

ياغاچ ساندۇق ئائىلىلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم بولۇپ، ئۇنى چوڭ-كىچىك قىلىپ ياساشقا بولىدۇ. ئادەتتىكى كىچىك ساندۇقلارنىڭ شىلىنىڭ قېلىنلىقى 1 ~ 2 سانتىمېتىر، چوڭ ساندۇقلارنىڭ شىلىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 3 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياغاچ ساندۇقلارنى پاقا باش گىرەلىك قىلىپ چېتىشقىمۇ، قىرىنى دۇقۇلاپ مىخلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. ساندۇق ئاغزىنى پۈتۈن ئېچىلىدىغان ۋە يېرىم ئېچىلىدىغان ياكى ئوتتۇرىسىلا ئېچىلىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.




1.4 - رەسىم. ئادەتتىكى گىرەلىك ساندۇق

1. ساندۇقنىڭ قوراشتۇرۇلۇشى؛ 2. ئادەتتىكى ساندۇق.

## 2 § . تونىكە (قەلەي) مىخلانغان ساندۇقنى ياساش ئۇسۇلى


ساندۇقلارغا ئاۋۋال تاختا تونىكە مىخلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نېپىز تونىكە چىۋىقلارنى مىخلاپ، كۆركەملەشتۈرۈپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. ھازىر

ساندۇققا تۈنىكە مىخلاش، مەخسۇس بىر كەسىپ بولۇپ شەكىللەنمەكتە. تۈنىكە مىخلانغان ساندۇقنىمۇ گىرەلىك قىلىپ ياساشقىمۇ، شال قىرنىنى دۇقۇلاپ مىخلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل ساندۇقنىڭ ئۈستىگىمۇ تۈنىكە مىخلىنىدىغان بولغاچقا، ساندۇق ئاغزىنى پۈتۈن ئېچىلىدىغان قىلىپ ياساش لازىم.

ساندۇقنىڭ ئالدى يۈزىگە تۈنىكە چىۋىقنى مىخلاشنىڭ مۇنداق تۆت خىل ئۇسۇلى بار:

**1. پاراللېل مىخلاش**


بۇ ساندۇق يۈزىگە تۈنىكە چىۋىقلىرىنى توغرىسىغا ياكى بويىغا پاراللېل مىخلاشنى كۆرسىتىدۇ.



4 . 2 ـ رەسىم.پاراللېل مىخلاش


**2. ئاۋۋال تىك، ئاندىن يانتۇ مىخلاش**

بۇ ئاۋۋال تۈنىكە چىۋىقلىرىنى تىك مىخلىۋېلىپ، ئاندىن ئىككى يانتۇ تەرەپكە مىخلاشنى كۆرسىتىدۇ.




4 . 3 ـ رەسىم. ئاۋۋال تىك ئاندىن يانتۇ مىخلاش


**3. ئاۋۋال يانتۇ، ئاندىن تىك مىخلاش**



4.4 - رەسىم. ئاۋۋال يانتۇ، ئاندىن تىك مىخلاش



5.4 - رەسىم. ئاۋۋال يانتۇ، ئاندىن تىك مىخلاش



6.4 - رەسىم. تۈنىكە بىلەن قاپلانغان تۈنىكە چىۋىق مىخلانغان ساندۇق

## 3 § . بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ساندۇقلارنى ياساش ئۇسۇلى


بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بولىدىغان بۇنداق ساندۇقلارنىڭ ئالدى يۈزىگە تۈنىكە چىۋىق مىخلاشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا تۈرلۈك نەقىشلەرنى ئويۇشقىمۇ ياكى قاپارتما نەقىشلەرنى چاپلاشقىمۇ بولىدۇ. ئاستى

قسمىنى جاھازلىق قىلىپ پۇتلۇق قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۈستىدىن ئېچىلىدىغان، ئالدىدىن ئېچىلىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

بۇ خىل بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تىزىلىدىغان ساندۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېگىزلىك، كەڭلىكلىرىنى ئوخشاش ياساپ بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تىزىشقىمۇ ياكى ئاستىدىكىسىنى چوڭ، ئېگىزلىگەنسېرى كىچىكلىتىپ ياساپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە پىرامىدا شەكىلدە تىزىشقىمۇ بولىدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن ساندۇقلارنىڭ ياسىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئىش تەرتىپلىرى ئوخشاش بولىدۇ.



4 . 7 ـ رەسىم. بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە تىزىلىدىغان ساندۇق




4 . 8 ـ رەسىم. ئالدىغا نەقىش چىقىرىلغان ساندۇق


## § 4 . ھەرخىل چوڭ كاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

كاتلار ئادەتتىكى ساندۇقنىڭ چوڭايتىلمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ياسىلىشى ساندۇقنىڭ ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇلار پەقەت شىلىنىڭ قېلىنلىقى، چوڭلۇقى بىلەن ساندۇقتىن پەرقلىنىدۇ.


كاتلارنى يەنە نەپىس قىلىپ ياساشقا، ئالدى يۈزىنى بۆلەكلەرگە بولۇپ چېتىپ، تاختىلىرىغا نەقىش ئويۇپ، ئاستىغا تارتما، چىقىرىپ ياساشقا بولىدۇ.




4 . 9 ـ رەسىم. شال بىلەن ياسالغان كات



4 . 10 ـ رەسىم. تاختىلىرى نەقىشلىك، تارتما چىقىرىپ ياسالغان كات



4 . 11 ـ رەسم. ئۇستىگە ئىشكاپلىق، ئوتتۇرىسىغا يوتقان ـ كۆرپە يىغقىلى بولىدىغان، ئاستى تارتمىلىق كات



4 . 12 ـ رەسم. كارىۋاتلىق كات


## 5 § . ھەرخىل كارىۋاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

كارىۋاتنىڭ خىللىرى ناھايىتى كۆپ، ئۇ ئىشلىتىلىشىگە قاراپ بىر كىشىلىك كارىۋات، ئىككى كىشىلىك كارىۋات، باللار كارىۋىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. قەۋەتلىك سانىغا قاراپ، بىر قەۋەتلىك كارىۋات، قوش قەۋەتلىك كارىۋاتقا ئايرىلىدۇ. ياسالغان ماتېرىيالغا قاراپ ياغاچ

كارىۋات، سىم كارىۋات، پالما تەگلىك كارىۋات، دىۋان كارىۋات دەپمۇ ئايرىلىدۇ. ياسىلىش شەكلىگە قاراپ، باشسىز كارىۋات، بېشى ئېگىز ئا-يىغى پەس كارىۋات، يۇمىلاق باشلىق كارىۋات،گۈللۈك تاختاي باش كارىۋات دەپ ئايرىلىدۇ. تۈزۈلۈشىگە قاراپ قاتلىما كارىۋات ۋە بىرىكمە كارىۋاتلارغا بۆلۈنىدۇ.


**1). ئاددىي كارىۋات**

ئاددىي كارىۋاتنى بىر كىشىلىك، قوش كىشىلىك، ئىككىلا بېشى ئې-گىز، بىر بېشى ئېگىز، بىر بېشى پەس قىلىپ ياساشقا بولىدۇ. بۇنداق كارىۋاتقا تۆت پۇت، ئىككى بوي چېتىق، بوي چېتىقلارنى تۇتاشتۇر-غۇچى چېتىق ۋە ئۈستىگە باسىدىغان شال قاتارلىقلار كېتىدۇ. ئادەتتە بىر كىشىلىك كارىۋاتلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 180 ~ 200 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 80 ~ 90 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 45 سانتىمېتىر قىلىپ ياسىلىدۇ. ياغاچلىرىنىڭ پۇت، كارىۋات بېشى ۋە بوي چېتىق ياغىچى 4×10 سانتىمېتىر، كۆتۈرگۈ چېتىقلىرى 6×4 سانتىمېتىر، ئۈستىگە بېسىلىدىغان شېلىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 1.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. چې-تىشتا ئاۋۋال ئىككى توغرا باشنى، ئاندىن ئىككى بوينى، ئاندىن توغرا باش بىلەن بوينى چېتىپ پۈتتۈرىمىز. بۇ خىل كارىۋاتنىڭ توغرىسىنى كېڭەيتسە قوش كىشىلىك كارىۋات بولىدۇ.



13.4 ـ رەسىم. بىر كىشىلىك ئاددىي كارىۋات ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى


1. كارىۋات پۇتى؛ 2. كارىۋات باشلىقى؛ 3. كارىۋاتنىڭ بوي چېتىقى؛ 4. كۆتۈرگۈ چېتىق.




4 . 14 ـ رەسىم. ئاددىي كارىۋاتنىڭ چېتىلىشى

## 2. قوش قەۋەتلىك كارىۋات

قوش قەۋەتلىك كارىۋات، كارىۋات پۇتىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ياسىلىش تەرتىپى تاق كىشىلىك كارىۋات بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.





4 . 15 ـ رەسىم. قوش قەۋەتلىك كارىۋات

## 3. ئالاھىدە كارىۋاتلار

### 1) بېشى ئېگىز ئايىغى پەس كارىۋات

بۇ كارىۋاتنىڭ باش تەرىپى ئېگىز، ئايىغى پەس، ئۇزۇنلۇقى 190 ~ 200 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 100 ~ 150 سانتىمېتىر، باش تەرىپىنىڭ ئېگىزلىكى 80 ~ 95 سانتىمېتىر، ئاياغ تەرىپىنىڭ ئېگىزلىكى 25 ~ 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇ خىل كارىۋات ئېگىز باش، پەس باش، يان ياغاچ، شال، ئاستى بالداق قاتارلىق قىسىملاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ خىل كارىۋاتنىڭ ئىككى يېنىنى ئىككى باشقا تېشىپ بېكىتىشكىمۇ، تۆمۈر ئىلغۇچ بىلەن تۇتاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. تۆمۈر ئىلغۇچ بىلەن تۇتاشتۇرغاندا چۇۋۇپ يۆتكەشكە ئاسان بولىدۇ. بۇ خىل كارىۋاتنىڭ يان

ياغىچىنىڭ كەڭلىكى 9 ~ 12 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 3 ~ 4 سانتىمېتىر، پۇتىنىڭ 5.5X4.5 سانتىمېتىر ياكى 5X7 سانتىمېتىر بولىدۇ. بېشىنىڭ ئۈستۈنكى بالداقلىرى 5 .4.5X5 سانتىمېتىر ياكى 5X7 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئاستىنقى چېتىقلىرى ۋە شال كۆتۈرگۈ چېتىقلىرى 4X4 سانتىمېتىر بولىدۇ. شالنىڭ قېلىنلىقى 1.5 ~ 2 سانتىمېتىر بولىدۇ. كارىۋاتنى چاتقاندا ئاۋۋال ئىككى بېشىنى ئارقىدىن يان ياغاچ ۋە شالنى ياسىۋېلىپ قۇراشتۇرىمىز.





4. 16 ـ رەسىم. بىر بېشى ئېگىز، بىر بېشى پەس كارىۋات


**2) رەخت بىلەن قاپلىنىدىغان كارىۋاتلار**

بۇ خىل كارىۋاتلارنى، كارىۋات ئايغىنى تۈز، كارىۋات بېشىنى يۇمىلاق قىلىپ، رەخت بىلەن قاپلاپ ياساشقىمۇ ياكى نەقىشلىك قىلىپ ياساشقىمۇ، كارىۋات بېشىنى كىتاب، كىيىم ـ كېچەك، ئۈنئالغۇ ۋە باشقا نەرسىلەرنى قويىدىغان ئىشكاپلىق قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. بۇ خىل كارىۋاتلار بۆلەكلەر بويىچە ياسىلىپ جۈپلەپ قويۇلىدۇ.


كارىۋات قىسمىنى ئىككى بۆلەك قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.



4. 17 ـ رەسىم. كارىۋات قىسمى



4. 18 - رەسىم. رەختتە قاپلانغان كارىۋاتلارنىڭ باش قىسمى



4. 19 - رەسىم. رەختتە قاپلانغان كارىۋات

**3) نەقىشلىك كارىۋاتلار**

بۇ خىل كارىۋاتلارنىڭ باش قىسمى ئالاھىدە نەقىشلەر ئويۇلۇپ يا-

سىلىدۇ. بۇنىڭدا كاربۇاتىنىڭ پۇتى، ئوتتۇرا قىسمى ئايرىم ياسىلىپ، نەقىش ئويۇلۇپ كېيىن چېتىلىدۇ. كاربۇات قىسمى يەنىلا رەخت بىلەن قاپلىنىدۇ.

كاربۇاتنىڭ ئاياغ پۇتى ۋە ئوتتۇرا قىسمىنىمۇ نەقىشلىك قىلىپ ياساشقا بولىدۇ.

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا ئائىلىلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ساندۇق ياساش، تۈنىكە مىخلانغان ساندۇقلارنى ياساش، چوڭ كات، كاربۇاتلىق كاتلارنى ۋە ھەر خىل كاربۇاتلارنى ياساش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۆگەنگۈچىلەر بەلگىلىك ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇ نەرسىلەرنى ياساشنى ئەمەلىي مەشىق قىلىپ، ياساش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىشى، ياسىغان نەرسىلەرنىڭ ئۆلچىمى، سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ياغاچ ساندۇق قانداق ياسىلىدۇ؟
2. ساندۇققا تۈنىكە مىخلاشنىڭ قانداق ئۇسۇللىرى بار؟
3. بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ساندۇقلار قانداق ياسىلىدۇ؟
4. ئادەتتىكى كاتلار قانداق ياسىلىدۇ؟
5. ئۈستى ئىشكاپلىق كاتلار قانداق ياسىلىدۇ؟
6. ئۈستى كاربۇاتلىق كاتلار قانداق ياسىلىدۇ؟
7. ئادەتتىكى كاربۇاتلار قانداق ياسىلىدۇ؟
8. ئىككى قەۋەتلىك كاربۇات قانداق ياسىلىدۇ؟
9. رەخت بىلەن قاپلانغان كاربۇاتلار قانداق ياسىلىدۇ؟
10. نەقىشلىك كاربۇاتلار قانداق ياسىلىدۇ؟


# بەشىنچى باب ھەرخىل بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

جەمئىيەت تەرەققىياتى، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگە-شىپ ئائىلىلەردە بىرىكمە ئىشكاپلار بارلىققا كەلمەكتە.

بىرىكمە ئىشكاپلارنىڭ پاكار ياسالغانلىرى ئۆينىڭ پەگاللىرىغا، سۇپىلىرىغا قاتار تىزىلىپ، ئېگىز ياسالغانلىرى ئۆينىڭ بىرەر تېمىغا باشتىن - ئاخىر تىزىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.


## 1 § . پاكار بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

پاكار ئىشكاپلارنىڭ ئېگىزلىكى 60 ~ 70 سانتىمېتىر بولىدۇ. كەڭلىكى 40 ~ 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. بىرىكمە ئىشكاپلار بۆلەككە بۆلۈپ ئايرىم - ئايرىم ياسالغاچقا، ئۇنى ئۆينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۇرلۇك شەكىل-نۇسخىلار بىلەن ياساشقا، ئۇنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنىمۇ ئۆينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەشكە بولىدۇ.



1.5 - رەسىم. پاكار بىرىكمە ئىشكاپ

بۇنداق ئىشكاپلارنى جاھاز قىسمىغا ياغاچ، ئۇراش قىسمىغا پەنەركە ئىشلىتىلىپ، سىرلاپ ياكى ھەر خىل قەغەزلەرنى چاپلاپ ياساشقىمۇ، ياكى تارتما، ئىشىك تاختىلىرىغا نەقىشلەرنى ئويۇپ ياكى چاپلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.




2.5 ـ رەسىم. پاكار بىرىكمە ئىشكاپلارنىڭ شەكىللىرى


## 2 § . ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلارمۇ، پاكار بىرىكمە ئىشكاپلارغا ئوخشاش تۈر- لۈك شەكىللەر بىلەن بىر-بىرىگە چېتىلىپ ياكى يەككە تۈرلەر بويىچە ياسىلىپ، بىر-بىرىگە يۆلەپ تىزىلىپ بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش بىر قەدەر قىيىن، ئۇلارنى ماسلاش- تۇرۇپ ياساشنى بىلىۋېلىش لازىم.

بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياسىغاندا ئامال بار ئايرىم-ئايرىم ياساپ، ئۆيگە بىرلەشتۈرۈپ تىزىش لازىم. بولمىسا ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئەكىرىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساشتا ئىش ئىگىلىرىنىڭ بۇيرۇتمىلىرى ئاسا- سىدا ھەرخىل لايىھەلەرنى لايىھەلەپ ياسىسا بولىدۇ.





3 .5 ـ رەسىم. ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلارنىڭ شەكىللىرى

## §3 . ھەر خىل گىرىم جاھازلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

گىرىم جاھازلىرى ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئەينەك بولۇپ، ئۇنى تامغا ئاسىدىغان قىلىپ ياساشقىمۇ، ئۇستەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنى ئاددىي قىلىپ ياساشقىمۇ، نەقىشلىك قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. ئەينەكنى چاسا قىلىپ ياساشقىمۇ، يۇملاق قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

1) تامغا ئاسىدىغان گىرىم جاھازىسى




تامغا ئاسىدىغان ئاددىي گىرىم جاھازىسى



تامغا ئاسىدىغان نەقىشلىك گىرىم جاھازىسى

4 .5 ـ رەسىم. تامغا ئاسىدىغان گىرىم جاھازلىرى



5.5 ـ رەسىم. ئۇستەللىك گىرىم جاھازىسى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ باپتا ھازىر ئائىلىلەردە ئومۇملىشىۋاتقان پاكار بىرىكمە ئىشكاپلار ۋە ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلارنى ياساش ھەمدە تامغا ئاسىدىغان ۋە ئۇستەللىك گىرىم جاھازلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. بۇ جاھازلارنىڭ چېتىق، تۆشۈكلىرى بىر قەدەر كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇسخىلىرى ئالاھىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى ياساش مۇرەككەپرەك. شۇڭا، ئۆگەنگۈچىلەر ئەمەلىي مەشىق قىلىش جەريانىدا ئۇلارنى ياساشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. پاكار بىرىكمە ئىشكاپلار قانداق ياسىلىدۇ؟.

2. پاكار بىرىكمە ئىشكاپلارنىڭ كىتابتا كۆرسىتىلگەن نۇسخىلىرىدىن باشقا يەنە قانداق نۇسخىلىرى بار؟

3. ئېگىز بىرىكمە ئىشكاپلار قانداق ياسىلىدۇ؟.

4. تامغا ئاسىدىغان گىرىم جاھازلىرى قانداق ياسىلىدۇ

5. ئۈستەللىك گىرىم جاھازلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟


6. ئۈستەللىك گىرىم جاھازلىرىنىڭ يەنە قانداق نۇسخىلىرى بار؟

# ئالتىنچى باب هاۋادان ۋە ئىشىك - دېرىزىلەرنى ياساش ئۇسۇللىرى


## 1 § . ھەرخىل ھاۋادانلارنىڭ كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

ھاۋادان ئادەتتە كېشەك ۋە رامدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. ھاۋادان كېشىكىنىڭ ياغاچلىرى ھاۋادانىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، كېشەك ياغىچىنىڭ يۈزى 6 ~ 9 سانتىمېتر بولىدۇ. زىكرووي تارتىلىپ، رام قاپلىنىدىغان يان تەرىپى 7 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. ھاۋادان كېشىكىنى توغرا تۇرۇملۇق قىلىپ ياساشقىمۇ،بۇرۇچ ئېلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. كېشەك ياغىچىنىڭ يانلىرىغا ئوشۇقچە، ناۋا باسمىلارنى مىخلاپ ياساشقىمۇ، كېشەك يۈزىگە نەقىشلەرنى ئويۇشقىمۇ بولىدۇ.


1




2




1.6 - رەسىم. ھاۋادان كېشىكى ياغىچىنى تەييارلاش
1. بوي ياغاچ؛ 2. توغرا ياغاچ.




2.6 ـ رەسىم. ئادەتتىكى هاۋادان كېشكىنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى



3.6 ـ رەسىم.بۇرۇچ ئېلىنغان، ئوشۇقچە ناۋا باسما



4.6 ـ رەسىم. يېرىم ئاي شەكىللىك هاۋادان كېشكى




5.6 ـ رەسىم. يۈزىگە گۈل ئويۇلغان هاۋادان كېشكى

## § 2 . هاۋادانىنىڭ راملىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى


ئادەتتە هاۋادانىنىڭ راملىرى قۇرۇق، يېرىقى يوق، پۇتىقى يوق ياغاچلاردىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە 5X3.5 ~ 6X4 سانتىمېتىر قىلىپ تىلىدۇرۇلىدۇ. راملارغا ئورنىتىلىدىغان بالداقلار 4X4 سانتىمېتىر ياكى 4.5X4 سانتىمېتىرلىق قىلىپ تىلدۇرۇلىدۇ. ياغاچ راسلىنىپ، تۆشۈك، تۇرۇملار تىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن رام رەندە بىلەن ئەينەكلىك چىقىرىلىدۇ ئاندىن راملار چېتىلىدۇ.

هاۋادانىنىڭ راملىرى ئىككى قاناتلىق، تۆت كۆزلۈك، ئۈچ قاناتلىق ئالتە كۆزلۈك ۋە توققۇز كۆزلۈك قىلىپ ياسىلىدۇ. يېرىم ئاي شەكىللىك هاۋادانلارغا يېرىم ئاي شەكىللىك رام ياساش لازىم.




6 . 6 ـ رەسىم. رام ياغاچلىرىنى تەييارلاش


1. بوي ياغاچ؛ 2. توغرا بوي ياغاچ؛ 3. بالداق ياغاچ.



6. 7 ـ رەسىم. تۆت كۆزلۈك رامنىڭ تەييارلىنىشى



6. 8 ـ رەسىم. ئالتە كۆزلۈك رامنىڭ چېتىلىشى



6. 9 ـ رەسىم. توققۇز كۆزلۈك رامنىڭ تەييارلىنىشى

بۇ خىل توققۇز كۆزلۈك رامنىڭ ئوتتۇرا قىسمى كېشەككە ئىچكى تەرەپىدىن مىخلىنىپ، ئىككى يان تەرىپى كېشەككە گىرە بىلەن ئورنىتىلىدۇ.

ھاۋادانلار تامنىڭ سىرتىدىن ئورنىتىلىدىغان بولغاچقا، ئوغرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن سىرتىغا تۆمۈر رېشاتكا ئورنىتىلىدۇ. تۆمۈر رېشاتكا چىۋىقلىرىنىڭ ئارىلىقى 10 ~ 15 سانتىمېتىر بولىدۇ. تۆمۈر رېشاتكا ئورناتقاندا كېشەكنىڭ ئۈستى قىسمىغا تۆشۈك تېشىلىدۇ. ئاستى

تەرەپ كور تۆشۈك قىلىنىپ، تۆمۈر رېشاتكا ئۈستى تەرىپىدىن قېقىلىدۇ. تۆمۈر رېشاتكا قېقىلىدىغان تۆشۈك تۆمۈر رېشاتكا بىلەن تەڭ بولۇشى لازىم. تۆشۈك چوڭ بولۇپ كەتسە، تۆمۈر رېشاتكا بوش كېلىپ قالىدۇ. تۆشۈك كىچىك بولۇپ قالسا تۆمۈر رېشاتكىنى قاقـقاندا تۆمـۈر رېشاتكا تۆشۈككە پاتماي كېشەكنى يېرىۋېتىدۇ.

## 3 § . ھەر خىل ئىشىك كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئۆيلەرگە ئىشىك، ھويلىلارغا دەرۋازىلار بېكىتىلىدۇ.

ئىشىك كېشەكلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ياسىلىش قانۇنىيىتى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ.

**1. ئىشىك كېشەكلىرى**

ئىشىك كېشەكلىرى پارامۇكسىز كېشەك، پارامۇكلۇق كېشەك، ئەگمىلىك كېشەك، دېرىزىلىك كېشەك كېشەكلەر دەپ بىر قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. كېشەكلەر ياسىلىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئاددىي كېشەك ۋە ئوشۇقچە باسما مىخلانغان كېشەك ۋە نەقىشلىك كېشەكلەرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاددىي كېشەك ــ مەيلى پارامۇكلۇق ياكى پارامۇكسىز بولسۇن، ياكى ئەگمىلىك كېشەك بولسۇن بىر دەك ئۆلچەملىك ياغاچ بىلەن ئاددىي ئۇسۇلدا ياسىلىدۇ. ئادەتتە كېشەكلەرگە 8X10 سانتىمېتىرلىق، 8X9 سانتىمېتىرلىق، 7X8 سانتىمېتىرلىق تومۇقتىكى تۈز، قۇرۇق ياغاچلار ئىشلىتىلىدۇ.

كېشەكلەرنىڭ ئېگىزلىكى


پارامۇكسىز كېشەكلەرنىڭ ئېگىزلىكى، 180 ~ 220 سانتىمېتىر، پارامۇكلۇق كېشەكلەرنىڭ ئېگىزلىكى، 230 ~ 260 سانتىمېتىر بولىدۇ. دەرۋازا كېشەكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 200 ~ 260 سانتىمېتىر بولىدۇ. دەرۋازا كېشەكلىرىنىڭ يان ياغاچلىرى، 8X15 سانتىمېتىر بولىدۇ.

كېشەكلەرنىڭ كەڭلىكى

كېشەكلەرنىڭ كەڭلىك مەسىلىسىگە كەلسەك، تاق قاناتلىق كېشەكلەر75 ~ 95 سانتىمېتىر، قوش قاناتلىق كېشەكلەر 100 ~ 130 سانتىمېتىر بولىدۇ.

دەرۋازا كېشەكلىرىنىڭ كەڭلىكى 120 ~ 220 سانتىمېتىر بولىدۇ. بۇلار مۇقىم ئۆلچەممۇ ئەمەس. يەنە بەزى كېشەكلەرنى ئورنىتىلىدىغان ئورنىغا قاراپ چوڭ - كىچىك ياساش كېرەك.


## 2. ئىشىك كېشەكلىرى ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى





6. 10 - رەسىم. كېشەك ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى

1. كېشەكنىڭ ئۈستى؛ 2. كېشەكنىڭ بوسۇغىسى؛ 3. كېشەكنىڭ يان تەرىپى؛ 4. كېشەكنىڭ پارامۇك بالدىقى.


## 3. ھەرخىل ئىشىك كېشەكلىرىنىڭ چېتىلىش شەكىللىرى




6. 11 - رەسىم. پارامۇكسىز ئاددىي كېشەك




6 .12 ـ رەسىم. پارامۇكلۇق ئاددىي كېشەك




6 .13 ـ رەسىم. دېرىزىلىك كېشەك



6 .14 ـ رەسىم. ئەگمىلىك ئاددىي كېشەك



6.15 ـ رەسىم. قوش قاناتلىق نەقىشلىك كىشەك





6.16 ـ رەسىم. دەرۋازىنىڭ ئاددىي كىشىكى

دەرۋازىلار بىر قەدەر كەڭ ياسالغاچقا، ئۇنىڭ كىشەكلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۆلگۈجەك چىقىرىپ ياسىلىدىغان كىشەكلەرنىڭ كىشەك ئۈستى، كىشەك ئاستىغا قاناتلىق ئويۇلۇپ، ئۆلگۈجەك ئورنى ئويۇپ قويۇلىدۇ. تاختىلىق قانات سېلىنىدىغان كىشەكلەرنىڭ تۆت تەرىپىگە زىكروي تارتىلىپ قاناتلىق چىقىرىلىدۇ. دەرۋازا كىشەكلىرىنىمۇ


ئاددىي ۋە مۇرەككەپ، نەقىشلىك قىلىپ ياساشقا بولىدۇ.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېزلىشىشى، كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ كۈنسېرى ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دەرۋازا كېشەكلىرىنى تاختىلىق قىلىپ، قاناتلىرىنى نەقىشلىك قىلىپ ياساش خېلى ئومۇملاشتى.



6. 17 ـ رەسىم. نەقىشلىك دەرۋازا كېشىكى

## 4 § . ئىشىك كېشىكى يانلىرىغا ئويۇلىدىغان ھەر خىل نەقىشلەر







6 .18 ـ رەسىم. ئىشىك كېشەكلىرىنىڭ يانلىرىغا ئويۇلىدىغان
ھەر خىل نەقىشلەر

## 5 § . ھەرخىل ئىشىك قاناتلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى


ئىشىك كېشەكلىرى پۈتكەندىن كېيىن، ئىشىك قاناتلىرىنى ياساپ كېشەككە گىرە ئارقىلىق ئورنىتىدۇ. ئىشىك قاناتلىرىغىمۇ قۇرۇق، يېرىلمىغان، پورلاشمىغان، پۈتاقلىرى ئاز ياغاچلار تاللاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئىشىك قاناتلىرىنىڭ ياغاچلىرىنى تىلدۇرۇشتا، ئۆلچەمگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش، كېشەككە تارتىلىدىغان زىكرويي قانچە سانتىمېتىر بولسا ئۇنىڭدىن0.5 سانتىمېتىر قېلىنراق قىلىپ تىلدۇرۇش كېرەك. ئىشىك قاناتلىرىنىڭ ياغاچلىرىنى راسلىغاندا سىلىق، قىرلىرىنى تولۇق قىلىپ راسلاش، ئېگىز -پەس، ئەگرى - توقاي راسلاپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ھەر بىر چېتىقلىرىنى تىك بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك.


قاناتقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچنىڭ كەڭلىكى، تاق قاناتلىق ئىشىكلەرنىڭ 7 ~ 10 سانتىمېتىر، قوش قاناتلىق ئىشىكلەرنىڭ 8 ~ 12 سانتىمېتىر بولىدۇ. جاھازغا سېلىنىدىغان تاختا شاللارنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 2.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. دەرۋازا قاناتلىرىنىڭ شاللىرىنىڭ قېلىنلىقى 4 ~ 6 سانتىمېتىر بولىدۇ.

**1. ئىشىك قاناتلىرى ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى**


1



2




3




6.19 ـ رەسىم. ئىشىك قانىتى ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى

1. بوي ياغاچ؛ 2. توغرا بوي ياغاچ؛ 3. ئوتتۇرا چېتىق ياغاچ.


## 2. ئىشىك قانىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى




6.20 ـ رەسىم. تۆت تاختىلىق قاناتلىق ئىشىك



6.21 ـ رەسىم. بەش تاختىلىق قاناتلىق ئىشىك



6 . 22 ـ رەسىم. تۆت تاختىلىق قوش قاناتلىق ئىشىك




6 . 23 ـ رەسىم. ئالتە تاختىلىق قوش قاناتلىق ئىشىك

### 3. دەرۋازا قانىتىنىڭ ياسىلىشى


دەرۋازا قانىتىنىڭ شاللىرى ئۆلچەملىك تىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، قانات شاللىرىنى ياپسار قىلىمىز. ئاندىن ئىككى شالنىڭ مەلۇم يېرىگە ئىككى شالغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىدىغان قىلىپ ئۇشكە بىلەن 4 ～ 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تۆشۈك ئاچىمىز. ئاندىن ياغاچ مىخ ياساپ ئاۋۋال بىر تەرەپتىكى شالغا ياغاچ مىخنىڭ ئۇچىغا يېلىم سۈركەپ قاقـ

مىز. ئاندىن ئىككى شالىنىڭ يەملىنىدىغان ئىككى يۈزىگە بىرلا ۋاقىتتا يېلىم سۈركەپ چىقىپ تۇرغان ياغاچ مىخقا يەنە بىر شالدىكى تۆشۈكنى ئۇدۇللاپ كىرگۈزۈپ ئۈستىدىن ئۇرۇپ ھەم يەملەش، ھەم تارغاقلاشنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بارىمىز.


دەرۋازا قانىتى يەملىنىپ قۇرۇغاندىن كېيىن، قاناتنىڭ ئېگىزلىكى،كەڭلىكى ئۆلچەپ كېسىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، قاناتنىڭ كەينى يۈزىدىن تارغاق چىقىرىپ بالداق سېلىپ مىخلايمىز.دەرۋازا شېلىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تۈنىكە مىخلايمىز. تۆمۈر مىخ قاناتنىڭ كەينىدىكى بالداققا ئۇدۇل كېلىشى كېرەك. دەرۋازا قانىتىنىڭ سول تەرىپىگە ناۋا مىخلايمىز.




6. 24 ـ رەسىم. دەرۋازا قانىتىنىڭ ياسىلىشى



6. 25 ـ رەسىم. دەرۋازا قانىتىنىڭ كەينىدىن تارغاقلىنىشى



6 . 26 ـ رەسىم. دەرۋازا قانىتىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى




6. 27 ـ رەسىم. تاختىسىغا نەقىش ئويۇلغان دەرۋازا قانىتى


## 4. شادىلىق ئىشىك قاناتلىرى

ئەمەلىيەت داۋامىدا يەنە شادىلىق كىچىك قاناتلارنى، چوڭ دەرۋازا قاناتلىرىنى ياساشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قاناتلارنى تاختا ئورنىغا پۈتۈن شادا سېلىپ ياساشقىمۇ، يېرىمىنى تاختىلىق، يېرىمىنى شادىلىق

قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.




6. 28 ـ رەسىم. پۈتۈن شادىلىق ئىشىك قانىتى




6 .29 – رەسىم. يېرىم شادىلىق ئىشىك قانىتى

## § 6 . ئىشىك تاختىلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

ئىشىك تاختىلىرىنىڭ چۆرىسىگە دىلا تارتىپ گۈل چىقىرىپ تۈز پېتى سىلىشقىمۇ بولىدۇ. تاختىغا دىلا تارتىپ دىلا تارتىلغان تەرىپىنى ئالدىغا قىلىپ تاختا سىلىشقىمۇ، كەينىگە قىلىپ تاختا سىلىپ، تاختىسىنىڭ ئالدى تەرىپىنى تۈز پېتى قويۇپ، چاتمىنىڭ يانلىرىغا ناۋا، چەسۋەك، توم چەسۋەكلەرنى مىخلاپ، تاختا يۈزىگە تۈرلۈك گۈل شەكىللەرنى ئويۇشقا ياكى قاپارتما نەقىش قىلىپ چىقىرىشقا، ئويۇپ تەييارلانغان نەقىش شەكىللىرىنى تاختا يۈزىگە مىخلاشقا بولىدۇ.





6. 30 ـ رەسىم. تۈز تاختا ۋە دىلا تارتىلغان تاختىلار





6 .31 ـ رەسىم. نەقىشلىك ئىشىك تاختىلىرى

## § 7. ئىشىك تاختىلىرىنىڭ ھەر خىل نەقىشلىرى









6. 32 ـ رەسىم. ئىشىك تاختىلىرىنىڭ ھەر خىل نەقىشلىرى

## § 8 . ھەرخىل دېرىزە كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى


دېرىزىنىڭ كېشەكلىرىمۇ ئاددىي كېشەك، چۆرىسىگە ئوشۇقچە باسمىلارنى مىخلاپ ئالاھىدە قىلىپ ياسىلىدىغان كېشەك دەپ ھەرخىل بولىدۇ.

دېرىزە كېشەكلىرىمۇ قۇرۇق، پورلاشمىغان، يېرىق، پۇتاقلىرى ئاز بولغان يېڭى ياغاچلاردا ياسىلىدۇ. دېرىزە كېشىكى ياغاچلىرىغا ئىشىك كېشەكلىرىدەك 8X10 سانتىمېتىرلىق، 8X9 سانتىمېتىرلىق، 7X8 سانتىمېتىرلىق توملۇقتىكى ياغاچلار ئىشلىتىلىدۇ. دېرىزە كېشەكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ئادەتتە 140 ~ 180 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 100 ~ 140 سانتىمېتىر بولىدۇ. دۇكانلارغا، ئۆيىنىڭ ئۇزۇن كارىدورلىرىغا قويۇلىدىغان كېشەكلىرى شۇ ئورۇننىڭ ئۆلچىمى بويىچە ياسىلىدۇ. ئادەتتە بىر پارامۇكلۇق، ئىككى قاناتلىق، ئىككى پارامۇكلۇق، ئىككى قاناتلىق دېرىزە، مەرەپچە شەكىللىك دېرىزە، رامدىن باشقا تېشى تەرەپكە قاپقاق بېكىتىلىدىغان قاپقاقلىق دېرىزە قاتارلىقلار كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.


### 1. دېرىزە كېشىكى ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى


دېرىزە كېشەكلىرىنىڭ ياغاچلىرىمۇ ئىشىك كېشەكلىرىنىڭ ياغاچلىرىدەك راسلىنىدۇ. دېرىزە كېشەكلىرىگىمۇ راملارنى قاپلاش ئۈچۈن زىكروي تارتىلىدۇ.

1



2








6. 33 ـ رەسىم. دېرىزە كېشەك ياغىچىنىڭ راسلىنىشى

1. كېشەك ئۈستى؛ 2. كېشەك بوسۇغىسى؛ 3. كېشەك يېنى؛ 4. كېشەكنىڭ پارامۇك بالدىقى.


## 2. ھەر خىل دېرىزە كېشەكلىرىنىڭ چېتىلىش شەكىللىرى





6. 34 ـ رەسىم. بىر پارامۇكلۇق دېرىزە كېشىكى



6. 35 ـ رەسىم. قوش پارامۇكلۇق دېرىزە كېشىكى



6 . 36 ـ رەسىم. مەرەپچە شەكىللىك دېرىزە كېشىكى




6 . 37 ـ رەسىم. كارىدور، دۇكانلارغا قويۇلىدىغان ئىككى پارامۇكلۇق دېرىزە كېشىكى

## §9 . دېرىزە راملىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

دېرىزە كېشەكلىرىگە ئىشىك كېشەكلىرىگە ئوخشاش زىكرويي تارتىلىدۇ. زىكروينىڭ كەڭلىكى 4 ~ 5 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقى 1 ~ 1.5 سانتىمېتىر بولىدۇ. شۇڭا، دېرىزە راملىرىنىڭ ياغاچلىرىنى تىلدۇرغاندا رام ياغاچلارنىڭ قېلىنلىقى 4.5 ~ 5.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7 ~ 6 سانتىمېتىر قىلىپ تىلدۇرۇلسا بولىدۇ.


دېرىزە رام ياغاچلارنىڭ ئالدى تەرەپ قىرى سىلىقلىنىدۇ. ئاستى ۋە كەينى تەرىپىگە ئەينەك سېلىش ئۈچۈن رام رەندە سېلىنىدۇ. شۇڭا، رام ياغاچلىرىغا قۇرۇق، يېرىقلىرى يوق، پورلاشمىغان، پۇتاقلىرى يوق ياغاچ ئىشلىتىش لازىم.

راملارغا سالىدىغان بالداقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى رام ياغاچلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى لازىم. بالداق ياغاچلارنىڭ كەڭلىكى 4 سانتىمېتىر بولىدۇ. دېرىزە راملىرى بىر پۈتۈن چېتىپ كېيىن ھەرىدەپ پارچىلاشقىمۇ، ئايرىم - ئايرىم ياساپ چېپىسلاشقىمۇ بولىدۇ.





6. 38 - رەسىم. رام ياغاچلىرىنىڭ راسلىنىشى


1. بوي ياغاچ؛ 2. توغرا بوي ياغاچ؛ 3. بالداق ياغاچ.



6. 39 - رەسىم. بىر پارامۇكلۇق، ئىككى قاناتلىق دېرىزە رامى



6. 40 ـ رەسىم. ئىككى پارامۇكلۇق، قوش قاناتلىق دېرىزە رامى



6. 41 ـ رەسىم. كارىدور ياكى دۇكانلارنىڭ دېرىزە راملىرى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا ئاددىي ھاۋادان، دېرىزە، ئىشىك، دەرۋازا كېشەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رام، قاناتلىرىنى ياساش، ئالىي دەرىجىلىك ئىشىك كېشەكلىرى بىلەن قاناتلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى ھەمدە كېشەك يانلىرى، ئىشىك قاناتلىرىنىڭ تاختىلىرىغا ئويۇلىدىغان ھەمدە ئويۇپ مىخلىنىدىغان ھەر

خىل نەقىشلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ئۆگەنگۈچىلەر ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەلگىلىك ۋاقىت چىقىرىپ ھەر خىل كېشەك، قانات، راملارنى ياساش، كېشەك يانلىرىغا، ئىشىك تاختىلىرىغا نەقىش ئويۇش- چاپلاشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ھاۋادانلارنىڭ كېشەكلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
2. ھاۋادانىنىڭ راملىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
3. ھەر خىل ئىشىك كېشەكلىرىنى ياساش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
4. دەرۋازا كېشەكلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
5. ھەر خىل ئىشىك قاناتلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
6. دەرۋازا قانىتى قانداق ياسىلىدۇ؟
7. شادىلىق ئىشىك قاناتلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
8. ئىشىك قانىتىنىڭ تاختىلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
9. ھەر خىل دېرىزە كېشەكلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
10. دېرىزىنىڭ راملىرى قانداق ياسىلىدۇ؟

# يەتتىنچى باب ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇللىرى

ياغاچ بىلەن ئۆي ئۇستىنى يېپىش — ئەنئەنىۋى ياغاچچىلىق ھۈنەر ـ كەسپىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ھازىر ئۆي ئۇستىنى ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن يېپىش ـ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، قوپاللىقتىن نەپىسلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ.

ئۆي يېپىش — ياغاچچىلىقتا خېلى كۈچ، ئەقىل ـ پاراسەت، بەلگىلىك تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئەمگەك بولۇپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆۋەندە ئاددىي ئۆي ۋە ئاددىي پېشايۋانلارنى يېپىشنى ئۆگىنىپ ئۆتىمىز.

## 1 § . ياغاچ تاللاش ۋە تىلدۇرۇش ئۇسۇللىرى

### 1. ياغاچ تاللاش

ئۆيلەر يەر شەكلىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، ئۆي سالغۇچىنىڭ تەلىپى بويىچە چوڭ ـ كىچىك، ھەر خىل سېلىنىدۇ. شۇڭا، ئاددىي ئۆيلەرنى يېپىشتا ياغاچ تاللاشتا ئۆينىڭ تاملىرى قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تام ئۇستىگە چىقىپ، ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكىگە مېتىر سېلىپ خاتىرىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆينىڭ چېرتيوژىغا ئاساسەن ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى كەڭلىكىنى بىلىۋېلىپ، شۇ بويىچە ياغاچ تاللىسىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۆينىڭ تاملىرى تۈز، ئۆلچەملىك قوپۇرۇلغان بولۇشى كېرەك ، يەنىلا تام ئۇستىدىن بىۋاستە ئۆلچەش ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى5 مېتىر بولسا، 5.5 مېتىرلىق ياغاچ چاتما قىلىنىدۇ. ئۆينىڭ كەڭلىكى 4 مېتىر بولسا، 4.5 مېتىرلىق ياغاچ جەگە (چەنزە) قىلىنىدۇ، ئۆينىڭ كەڭلىكى 3.5 مېتىر بولسا، 4 مېتىرلىق ياغاچ جەگە قىلىنىدۇ، جەگە ئۆينىڭ كەڭلىكى بويىچە سېلىنىدۇ، ئادەتتە جەگە بى-

لەن جەگە ئارىلىقى 40 سانتىمېتىر ،45سانتىمېتىر ،50سانتىمېتىر ، بەزىدە 60 سانتىمېتىر قىلىپ سېلىنىدۇ.

ئادەتتىكى ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۈچۈن ياغاچ تاللىغاندا، جەگە ياغاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىردەك بولغاندىن باشقا، ياغاچنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىردەك بولمىسىمۇ، تۈزلۈكى بىردەك بولسا بولىدۇ .(چوڭ ـ كىچىكلىكى، تۈزلۈكى بىردەك بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ) پەقەت پورلاشمىغان ،چىرىمىگەن، سۇنمىغان ياغاچ بولسا،ئادەتتىكى ئۆيلەرنى يېپىش ئۈچۈن جەگە قىلىشقا بولىدۇ.


**2. ياغاچ تىلدۇرۇش**

ئادەتتىكى ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى ياپىدىغان ياغاچ تاللىنىپ بولغاندىن كېيىن، لىم ۋە جەگىلەرنى شال ھەرىسى بىلەن تىلدۇرۇپ ، كېيىن رەندە سېلىپ سىلىقلاپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ ياكى ياغاچنى چوت بىلەن چېپىپ ياغاچنىڭ قىرلىرىنى چىقىرىپ، كېيىن رەندە سېلىپ سىلىقلاپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

1



2



3



1.7 ـ رەسىم. چوڭ چوت بىلەن چېپىلغان ياغاچ


1. يۈزى چېپىپ ئېچىلغان ياغاچ؛ 2. يۈزى ۋە ئىككى يېنى چېپىپ ئېچىلغان ياغاچ؛ 3. تۆت تەرىپى چېپىپ ئېچىلغان ياغاچ.

ياغاچنى چوڭ چوت بىلەن چېپىپ، يۈزلىرىنى ئاچقاندا، ئالدى بىلەن ئالدى يۈزىنى، ئاندىن ئىككى يان تەرەپنى، ئاندىن دۈمبە قىسمىنى چېپىش كېرەك. ياغاچنى چوڭ چوت بىلەن چېپىپ يۈزلىرىنى ئاچقاندا، ياغاچ كۆپ ئىسراپ بولىدۇ، شۇنىڭدەك چېپىش ۋاقتى، چاپقان يۈزنى رەندىلەشكە كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆي ياپىدىغان ياغاچنى شال ھەرىسى بىلەن تىلدۇرغان ياخشى، بۇنىڭدا ياغاچ ئىسراپ بولۇپ كەتمەيلا قالماستىن، ۋاقىتنىمۇ ئۇتقىلى، ئىشنى سۈپەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

شال ھەرىسى بىلەن جەگە قىلىنىدىغان ياكى لىم قىلىنىدىغان ياغاچلارنى تىلغاندا، ئاۋۋال ياغاچنىڭ ئىككى يېنىنى، ئاخىرىدا يۈزنى، ئاندىن دۈمبە تەرىپىنى تىلىش كېرەك، چاتما قىلىدىغان ۋە چاتمىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدىغان يېرىم جەگىلەرنى ئوتتۇرىسىدىن تىلىش كېرەك، يېرىم جەگىلەرنىڭ ئېگىزلىكى جەگىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

ئادەتتە جەگىلەرنىڭ ئېگىزلىكى 10 ~ 15 سانتىمېتىر كەڭلىكى 8 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. لىملارنىڭ ئېگىزلىكى 18 ~ 50 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياغاچنىڭ سېلىنىدىغان ئارىلىقى كەڭ بولسا چوڭراق ياغاچنى لىم، جەگە، چاتما قىلىپ ئىشلىتىش لازىم.

1



2



3



7.2 ـ رەسىم. شال ھەرىسى بىلەن تىلىنغان ياغاچ

1. بىر تەرىپى تىلىنغان ياغاچ؛ 2. ئۈچ تەرىپى تىلىنغان ياغاچ؛ 3. تۆت تەرىپى تىلىنغان ياغاچ.

# § 2. لىم ۋە جەگىلەرگە ياماق سېلىش ئۇسۇلى

ياغاچلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۈپتۈز بولۇشى ناتايىن، ياغاچلارنى چوڭ چوت بىلەن چېپىپ قىرلىرىنى چىقىرىش ياكى شال ھەرىسى بىلەن تىلدۇرۇپ قىرلىرىنى چىقىرىش جەريانىدا لىم، جەگە، چاتما، يېرىم جەگىلەرنىڭ بەزى يەرلىرى كەمتۈك چىقىپ قالىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.

ياغاچنى كەمتۈك چىقارماي چاپساق ياكى تىلدۇرساق ياغاچ كىچىكلەپ كېتىپ كۆتۈرۈش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىدۇ، شۇڭا ياغاچقا ياماق سېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، كۆتۈرۈش كۈچىنى كۈچلۈكرەك قىلىپ ياساپ چىققىلى بولىدۇ.

لىم جەگىگە ياكى چاتما، يېرىم جەگىلەرگە ياماق سالغاندا، مەيلى ياغاچنىڭ يۈز قىسمى ياكى قىرى بولسۇن ياماقنى تەپمۇتەك قىلىپ سېلىشىمىز، ياماق ئۈستىدىن ئۈشكە بىلەن تېشىپ، ياغاچ مىخقا يېلىم سۈركەپ قېقىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساق، ياغاچقا رەندە سالغاندا ياماق بوشاپ كەتمەيدۇ، قانچە ئۇزۇن تۇرسىمۇ ياماق ياغاچتىن ئاجرىماي بىر پۈتۈنلۈكنى ساقلاپ تۇرىدۇ.


1



2



3




3.7 ـ رەسىم. جەگىگە ياماق سېلىش ئۇسۇلى

1. ئوتتۇرىسى چاسا چىقىمغان جەگىگە ياماق سېلىپ پۈتۈنلەش؛
2. بىر ئۇچى چاسا چىقىمغان جەگىگە ياماق سېلىپ پۈتۈنلەش؛
3. بىر قىرى چىقىمغان جەگىگە ياماق سېلىپ پۈتۈنلەش.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۆيگە تارتىلغان هاراق ۋە ئۇنىڭ لىملارنىڭمۇ كەم-
تۈك يەرلىرى چىقىپ قالسا جەگگە ياماق سېلىش ئۇسۇلى بويىچە ياماق
سېلىپ تولۇقلاشقا بولىدۇ.

## § 3 . چاتما تەييارلاش ئۇسۇللىرى

ئۆينىڭ پۈتكەن تېمىغا جەگلەرنى سېلىپ، جەگە بىلەن جەگە ئا-
رىلىقىغا پەرمان قاقماي، خىش بىلەن قوپۇرۇپ، لايدا پەرمان قىلىپلا
پۈتتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلغاندا ئۆي سۈپەتسىز بولۇپ قا-
لىدۇ.تامغا چاتما تارتىلمىغاچقا، تامغا چۈشكەن بېسىممۇ تەكشى چۈش-
مەيدۇ، چاتما تارتىلمىغان ئۆيلەرنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتسە، ئۈستىدىكى
ياغاچمۇ بىللە يەرگە چۈشىدۇ، شۇڭا ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا چاتما تار-
تىپ، چاتمىلىرىنى چېتىپ، چاتمىنىڭ ئۈستىگە جەگلەرنى دەستىپ،
جەگە بىلەن جەگە ئارىلىقىغا پەرمان قېقىپ يېپىش كېرەك.




4.7 - رەسىم. ئۆينىڭ چاتمىلىرى

1. ئۇزۇنىسىغا سېلىنىدىغان چاتما؛ 2. توغرىسىغا سېلىنىدىغان چاتما.

ئۆي ۋە پېشايۋانغا تارتقان چاتمىنىڭ ئىككى بېشى تېشىلىدۇ ھەمدە
ئۇنىڭغا چاتما چۈشىدىغان قىناق چىقىرىلىدۇ. قىناقنىڭ كەينى تەرىپى
تىك سىزىلىدۇ، ئالدى تەرىپى بولسا سىزىقنىڭ تېگىدىن ئۈستى تەرىپى
2 ~ 3 سانتىمېتىر كەڭ سىزىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا چاتمىنىڭ قىس-
قا تەرىپى ئىككى يانغا تولغانغاندا تۇرۇم سۇنۇپ كەتمەيدۇ، ئۆي ئۇس-


تىمۇ چىرايلىق چىقىدۇ. ئەگەر كېسەكتە سىلىنغان ئۆي بولسا، ئۇزۇنـ-سىغا سىلىنغان چاتمىنىڭ، تېگىدىكى 2 ~ 3 يەرگە توغرىسىغا سىـ-لىنغان چاتمىسىنىڭ 1 ~ 2 يېرىگە، تېگىدىن قويىدىغان تام تۈۋرۈكى ئۈچۈن تۆشۈك ئېچىپ قويۇش كېرەك ، ئۆي خىشتا سىلىنغان بولسا، تام تۈۋرۈكى ئۈچۈن چاتمىنىڭ تېگىگە تۆشۈك ئاچمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر چاتمىلار نېپىز بولۇپ قېلىپ كەينىگە ئېگىلىۋالسا، چاتمىنىڭ ئېگىلگەن يېرىنىڭ كەينىدىن قارلىغاچ قۇيرۇقى شەكىللىك تارغاق چىـ-قىرىپ، ياغاچ قېقىپ تۈزلەش كېرەك .

بۇنىڭدا قارلىغاچ قۇيرۇقى ئويۇقچىغا قېقىلىدىغان ياغاچ چىڭ چۈ-شۈشى، تولۇق، تەكشى قېقىلىشى كېرەك .




5.7 ـ رەسىم. ئېگىلگەن چاتمىنى تۈزلەش ئۇسۇلى



6 .7 ـ رەسىم. چاتمىنى قۇراشتۇرۇش

## § 4 . چاتمىنىڭ ئۈستىگە جەگە تىزىش ۋە پەرمان قېقىش ئۇسۇلى


ئۆينىڭ چاتمىسى تام ئۈستىگە ئورنىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆيگە قانچە جەگە سالماقچى بولساق، چاتمىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى شۇنچىگە بۆلۈپ، قارا سىزىپ چىقىمىز. جەگىنىڭ ئوتتۇرىسىنى قارا سىزىپ ھەممە جەگىلەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ تەڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، ئاندىن ھاراقنىڭ ئۈستى تەرىپىنىڭ ئالدى قىرى بىلەن، جەگىگە قارىتىپ ئالدىغا سەل قىيپاش سىزىق سىزىمىز، 2 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ يەنە بىر سىزىق سىزىمىز-دە، ئىككى سىزىقنى 1 ~2 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كېسىپ، ئوتتۇرىسىنى ئىسكىنە بىلەن چىقىرىۋېتىمىز. بۇ پەرمان قاقىدىغان ئورۇن بولىدۇ. پەرمان جەگىنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئېگىز چىقسا ياخشى بولىدۇ.



7.7 ـ رەسىم. ئاددىي ئۆيلەرگە پەرمان قېقىش


## § 5 . ۋاسا تەييارلاش ۋە ۋاسا تىزىش ئۇسۇلى

ۋاسا 40 ~ 60 سانتىمېتىر كېسىلىپ تەييارلىنىدۇ. ۋاسا كەكە بىلەن يېرىپ يۈزىگە رەندە سېلىش، ئورغاق رەندە، داس رەندە بىلەن ئاقارتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ۋاسىنى ئەلۋەتتە قىردۇرۇپ تەييارلاشقىمۇ بولىدۇ. ئالىي دەرىجىلىك ئۆيلەرنىڭ ۋاسىسى بىردەك قىردۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.




7. 8 ـ رەسىم. ۋاسا تەييارلاش

1. كەكىدە چېپىپ يۈزى ئاقارتىلغان ۋاسا؛2. قىردۇرۇپ تەييارلانغان ۋاسا.



7. 9 ـ رەسىم. ئاددىي ئۆيلەرگە جەگە، ۋاسا تىزىش


## § 6 . ئاددىي پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇللىرى

ئادەتتە پېشايۋانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى قانچىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر كەڭلىكى 2.5 ~ 3 مېتىر بولىدۇ، سۇپىنىڭ قىرى بىلەن پېشايۋاننىڭ لىمى تىك يۆنىلىشتە بىر سىزىق ئۈستىگە چۈشىدۇ. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىمۇ سۇپىنىڭ قىرىغا قويۇلىدۇ. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكى پېشايۋان لىمىنىڭ سەل-پەل ئالدىغىراق قويۇلىدۇ. بۇ پېشايۋاننىڭ ئالدىغا مېڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن پايدىلىق. تۈۋرۈكنى تەپمە قىلىمەن دەپ ئۇنىڭ ئۇلىنى ئالدىغا بەك تارتىۋەتسە، تۈۋرۈك يانتۇ چىقىپ قېلىپ پېشايۋاننىڭ كۆرۈنۈشىگە تەسىر يېتىدۇ.

ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ جەگىسى، ئاددىي ئۆيلەرنىڭ جەگىسىنىڭ

ياسىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. پېشايۋانلارنىڭ جەگىسىنىڭ ئۇچى پېشايۋاننىڭ لىمىدىن 20 ~ 30 سانتىمېتىر ئالدىغا چىقىپ تۇرىدۇ. جەگىنىڭ ئۇچىنى يانتۇ قىلىپ شىلىۋېتىشكىمۇ ياكى سىم ھەرە، بۇرۇچ ھەرىلەر بىلەن ئەگمە گۈللەرنى چىقىرىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.

### 1. پېشايۋان جەگىسىنىڭ ياسىلىشى





7. 10 - رەسىم. پېشايۋان جەگىسىنىڭ ياسىلىشى

1. ئۇچ يانتۇ شىلىۋېتىلگەن جەگە؛ 2. ئۇچىغا گۈل چىقىرىلغان جەگە؛ 3. پەرمان قېتىلىدىغان ئويۇقچە ئويۇلغان جەگە.

### 2. پېشايۋان تۈۋرۈكىنىڭ ياسىلىشى

ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ تۈۋرۈكىمۇ ئاددىي ياسىلىدۇ. ئاددىي تۈۋرۈكلەرنى ياغاچنىڭ يۈزىنى ئاقارتىپلا يۇملاقلاپ ياساشقىمۇ، ئاستى قىسمىنى تۆت قىرلىق، ئۈستى قىسمىنى ئالتە قىرلىق، سەككىز قىرلىق قىلىپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. تۈۋرۈكلەر بىردەك ياغاچنىڭ ئۆسۈش يۆنىلىشى بويىچە كۆتەك تەرىپى ئاستىغا، ئۇچ تەرىپى ئۈستىگە، كۆتەك تەرەپ چوڭراق، ئۈستى تەرىپى ئىنچىكىرەك قىلىپ ياسىلىدۇ. تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغا يۇملاق تۇرۇم چىقىرىپ، پېشايۋان لىمىنىمۇ تېشىپ، تۈۋرۈكتىكى تۇرۇمنى لىمغا بىۋاستە كىرگۈزۈپ قويۇشقىمۇ ياكى بىر مېتىر ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق ناچا ياساپ، تۇرۇم تۆشۈكىنىمۇ ناچىغا

تېشىپ، ناچىنى لىمغا مىخلاپ تۈۋرۈكتىكى تۈرۈمنى ناچىدىكى تۆ-
شۈككە كىرگۈزۈپ قويۇشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا پېشايۋان لىمى-
نىڭ كۆتۈرۈش كۈچى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.





7. 11 ـ رەسىم. ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ تۈۋرۈكلىرى

1. يۇملاق تۈۋرۈك؛ 2. تۆت قىرلىق تۈۋرۈك؛ 3. ئالتە قىرلىق تۈۋرۈك؛ 4. سەككىز قىرلىق تۈۋرۈك.

### 3. پېشايۋان ناچىسىنىڭ ياسىلىشى

لىمنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن پېشايۋانغا ناچا مىخ-
لىنىدۇ. ناچىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، نا-
چىنى ئاددىي ياساشقىمۇ مۇرەككەپ ياساشقىمۇ بولىدۇ.



7. 12 ـ رەسىم. ئاددىي ناچىلار

### 4. پېشايۋان لىمىنىڭ ياسىلىشى

پېشايۋانلار ئۇزۇن ـ قىسقا بولىدۇ، قىسقا پېشايۋانغا قىسقا لىم، ئۇزۇن

پىشايۋانلارغا ئۇزۇن لىم ئىشلىتىلىدۇ، ئۇزۇن لىملار ئىككى لىمنى ئۇلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئادەتتىكى پىشايۋان لىملىرىنىڭ كەڭلىكى 14 ~ 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 18 ~ 25 سانتىمېتىر بولىدۇ، پىشايۋان لىمىنىڭ قوۋۇرغىسى، يۈزى، دۈمبىسى ياكى قىرلىرى كەمتۈك چىقىپ قالسا ياماق سېلىش ئۇسۇلى بويىچە ياماپ تولۇقلاش لازىم. پىشايۋاننىڭ نا-چىلىرىنى لىمنىڭ ئۇلانغان يېرىگە ۋە لىمنىڭ ئاجىزراق يەرلىرىگە قو-يۇلغاندىن باشقا، سۇپىنىڭ دوقمۇشىغا توغرا كەلتۈرۈلۈپ مىخلىنىدۇ.


## 7 § . پىشايۋان لىملىرىنى ئۇلاش ئۇسۇللىرى

كۆپ ھاللاردا پىشايۋاننىڭ لىملىرى ئۇلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەلۋەتتە چوڭ، ئۇزۇن لىم بولسا ئۇلىماي قويۇشقا بولىدۇ، چوڭ، ئۇزۇن لىم قىممەت بولغاچقا چىقىم ئارتىپ كېتىدۇ. لىمنى ئۇلاپ ئىشلەتكەندە چى-قىمنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ، بىراق لىم ياخشى، قائىدىلىك ئۇلانمىسا، ئۇ بىر-بىرىدىن ئاجراپ كېتىپ، پىشايۋان ئۆرۈلۈپ كېتىش خەۋپى يۈز بېرىدۇ. شۇڭا، لىم ئۇلاش تېخنىكىسىنى ياخشى ئىگىلەش ئىنتايىن زۆرۈر.

تۆۋەندە لىم ئۇلاش ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشىمىز.

**1. ئۇدۇل تاقاپ ئۇلاش**

بۇنىڭدا ئىككى يۇمىلاق ياكى چاسا ياغاچنىڭ كۆتەك تەرەپلىرى ۋە ياكى ئۇچ تەرەپلىرى تەكشى قىلىپ بىر-بىرىگە ئۇدۇل كەلتۈرۈلۈپ، ئىككى يېنىدىن شال ياكى تۆمۈر بىلەن قىسىپ بولتا بىلەن ئۇلىنىدۇ، بۇ ئۇسۇل پەقەت ئىستولبىلار، زاللارنىڭ لىملىرى، باراڭلارنىڭ لىملىرىنى ئۇلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.




7. 13 ـ رەسىم. ئۇدۇل كەلتۈرۈپ ئۇلاش ئۇسۇلى

**2. بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ياپسار كەلتۈرۈپ ئۇلاش**

بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ياپسار كەلتۈرۈپ ئۇلاشتا، قىسقۇچ شال ئىشلەتمەي ياغاچ بىۋاسىتە بولتا ئارقىلىق ئۇلىنىدۇ، بۇخىل ئۇلاش تەكشى يۈزلۈك ئۇلاش ۋە يانتۇ يۈزلۈك ئۇلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

تەكشى يۈزلۈك ياپسار كەلتۈرۈپ ئۇلىغاندا، ياغاچنىڭ ئۇلاش ئورنىدىن مۇۋاپىق ئۇزۇنلۇقتا يېرىمنى كېسىپ تاشلاپ تەكشى يۈز چىقىرىلىدۇ. يەنە بىر ياغاچنىمۇ ئۇلىنىدىغان يېرىدىن ئالدىنقى ياغاچنىڭكىگە ئوخشاش تەكشى يۈز چىقىرىپ ئاندىن جۈپلەپ تۇتاشتۇرۇپ بولتا ئۆتكۈزۈپ چىڭىتىلىدۇ، يانتۇ يۈزلۈك ياپسار كەلتۈرۈپ ئۇلاشتا ياغاچنىڭ تۇتىشىدىغان ئۇچىدىن 2/3 قىسمىنى، تۆۋىدىن 1/3 نى كېسىپ تاشلاپ يانتۇ يۈز چىقىرىلىدۇ. يەنە بىر ياغاچنىڭكىمۇ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش يانتۇلۇق چىقىرىپ ئىككى ياغاچنىڭ يانتۇ يۈزلىرى تېگىشتۈرۈپ ئۈستىدىن بولتا ئۆتكۈزۈپ چىڭىتىلىدۇ.



7. 14 - رەسىم. بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ياپسار كەلتۈرۈپ ئۇلاش ئۇسۇلى

**3. بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش ئۇسۇلى**

بۇ ئۇسۇل تۈز يۈزلۈك كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش ۋە يانتۇ يۈزلۈك كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياغاچلارنى بۇخىل ئۇسۇل بىلەن ئۇلىغاندا مەيلى چاسا ياغاچ ياكى يۇملاق ياغاچ بولسۇن ئۇلىنىشى ياخشى بولىدۇ. ياغاچنى تۈز يۈز چىقىرىپ كىرىشتۈرۈپ ئۇلىغاندا كىرىش تۈرۈلگەن ئورۇننىڭ ئۇچىدىن دىيامېتىرىنىڭ 5/ 3 قىسمى، تۆۋىدىن5/ 2 قىسمى قالدۇرۇپ، تۇتاشتۇرۇلغان ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسى پاسىل قىلىنىپ كىرىشتۈرۈلىدۇ، قالغان قىسمى كېسىپ چىقىرىۋېتىلىدۇ.

يانتۇ يۈز چىقىرىپ كىرىشتۈرۈپ ئۇلىغاندا، كىرىشتۈرۈلىدىغان ئورۇننىڭ باش قىسمىدىن ياغاچ دىيامېتىرىنىڭ 1/5 قىسمى تۆۋىدىن 5/ 4 قىسمى قالدۇرۇپ بۇ ئورۇننىڭ ئوتتۇرىسى پاسىل قىلىنىپ يانتۇ يۈز-

لەر ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ ئۇلىنىدۇ.



7 . 15 ـ رەسىم. بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش ئۇسۇلى

**4. بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ شىنا قىستۇرۇپ ئۇلاش**

بۇ ئۇسۇل كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش ۋە تۇرۇملۇق ئۇلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشتىن بارلىققا كەلگەن. بۇ ياغاچ قۇرۇلمىلارنى ئۇلاشتىكى ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلدۇر. كىرىشتۈرۈپ ئۇلاشتا كىرىشتۈرۈلىدىغان ئورۇننى ياسىغاندا ياغاچ ئېگىزلىكىنىڭ 1/4 گە تەڭ قېلىنلىقتا، ئېگىزلىكىنىڭ 1/5 گە تەڭ ئېگىزلىكتە، كەڭلىكى بىلەن تەڭ ئۇزۇنلۇقتا شىنا قىستۇرۇش ئورنى قالدۇرۇش كېرەك. كىرىشتۈرگەندە كىرىشىش ئورنىدىن شىنا ياغاچ كېسىۋېلىش، ئىككى تەرەپنىڭ تۇرۇم ئۇچلىرىنى ھىملاشتۇرۇپ جۈپلەش كېرەك. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلىغاندا تۇرۇم ئۇچىغا توغرا يۆنىلىشتە كۈچ چۈشسىمۇ ئوڭايلىقچە قايرىلىپ ياكى ئاجراپ كەتمەيدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئۇلاشمۇ تۈز يۈزلۈك كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش، يانتۇ يۈزلۈك كىرىشتۈرۈپ ئۇلاشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

2 1



7 . 16 ـ رەسىم. بىر ـ بىرىگە شىنا قىستۇرۇپ كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش


1. تۈز يۈزلۈك شىنا قىستۇرۇپ كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش؛ 2. يانتۇ يۈزلۈك شىنا قىستۇرۇش ـ ئۇلاش.

## § 8 . ئاددىي پېشايۋانلارنى قۇراشتۇرۇش ئۇسۇلى


بىر پېشايۋان لىملىرىنى قانداق شەكىل بىلەن ئۇلىمايلى ئۇ ھامان پۈتۈن ياغاچ ھېسابلانمايدۇ، شۇڭا ھەر بىر ئۇلاققا چوقۇم بىردىن تۈۋ-

رۇك قويۇش كېرەك. ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ جەگىلىرىنىڭ تىزىلىشى، ۋاسلىرىنىڭ سىلىنىشى، ئاددىي ئۆيلەرنىڭ جەگە، ۋاسلىرىنىڭ سىلىنىشىغا ئوخشايدۇ.

ئاددىي پېشايۋانلارغىمۇ چاتما تارتىلىدۇ، لىم بىلەن چاتمىنى تۇتاشتۇرۇشتا چاتما تېشىلىدۇ، لىم تېشىلماي لىم ئۈستىدىن يېرىم قارلىغاچ قۇيرۇقى شەكلىدە ئويۇقچە ئويۇلۇپ چاتما بىلەن لىمنى تۇتاشتۇرغۇچى چاتمىنىڭ بىر ئۇچى چاتمىدىكى تۆشۈككە تۇرۇم چىقىرىلىپ كىرىشتۈرۈلىدۇ. لىم تەرەپتىكى ئۇچ قارلىغاچ قۇيرۇقى شەكىللىك ئويۇقچىغا چۈشىدىغان تۇرۇم چىقىرىلىدۇ. لىمنىڭ ئىچكى تەرىپى تۈز، سىرتقى تەرىپى يانتۇ ئېلىنىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۈستىدىن ئويۇقچىغا سېلىنغان چاتما چىقىپ كەتمەيدۇ.



7. 17 - رەسىم. لىمغا ئويۇلغان ئويۇقچە ۋە چاتمىدىكى تۇرۇم



7. 18 - رەسىم. ئاددىي پېشايۋاننىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى

## § 9 . پىشايۋان يېپىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

پىشايۋان ئېگىز، ئۇزۇن يېپىلىدىغان قۇرۇلما بولغاچقا، تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

1. پىشايۋاننىڭ ئالدى تەرىپى كەينى تەرىپىدىن 10 ~ 20 سانتىمېتىر ئېگىز قىلىپ قۇراشتۇرۇلۇشى كېرەك. بۇ پىشايۋاننىڭ ئالدىغا سىلجىپ كەتمەسلىكىگە، يامغۇر سۈيىنىڭ ئارقا ھويلىغا ئېقىپ كېتىشىگە پايدىلىق.


2. پىشايۋاننىڭ كەڭلىكى نىسبەتەن قىسقا بولغاچقا چوڭ جەگلەر ئىشلىتىلمەيدۇ، شۇڭا پىشايۋاننىڭ جەگە ۋە ۋاسسىنىمۇ قويۇقراق سېلىش كېرەك .

3. پىشايۋاننىڭ تۈۋرۈكىنى قويۇشتا پىشايۋانغا قويۇلغان لىمنىڭ سىرتقى يۈزىدىن تۈۋرۈكنىڭ ئاستى يۈزىنى 8 ~ 12 سانتىمېتىر سىرتىغا كەلتۈرۈپ قويۇش كېرەك. بۇ پىشايۋاننىڭ ئالدىغا مېڭىپ كەتمەسلىكىگە پايدىلىق.


4. پىشايۋانغا تارتىلغان چاتمىنىڭ ئالدىغا چىقىۋالماسلىقى ئۈچۈن مۇمكىن بولسا تارتما سېلىپ قويۇش كېرەك.

## § 10 . قوش پىشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇللىرى

پىشايۋانلارنى ياپىدىغان ئىشلارمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل پىشايۋاننى يېپىشتا ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان پىشايۋان لىمىنى توغرىسىغا ياپىدىغان پىشايۋاننىڭ لىمىغا ئۇدۇللاپ، توغرىسىغا قويۇلىدىغان پىشايۋان لىمىغا تۇرۇم چىقىرىلىپ ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان لىم تۆشۈككە سېلىنىدۇ، ئۇزۇنىسىغا سېلىنغان لىمنىڭ تۆشۈك تېشىلگەن يېرىگە ناچا قويۇلىدۇ. ناچىنىمۇ يېنى يېرىم تېشىلىپ، توغرىسىغا سېلىنىدىغان پىشايۋان لىمىنىڭ ئاستىغا مىخلانغان يېرىم ناچىدىكى تۇرۇم تۆشۈككە سېلىنىپ، ئاستىغا تۈۋرۈك قويۇلىدۇ.



7. 19 ـ رەسىم. قوش پېشايۋان لىمنى چېتىش شەكلى



7. 20 ـ رەسىم. قوش پېشايۋاننىڭ ئۈستى كۆرۈنۈشى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۈچۈن ياغاچ تاللاش، ياغاچ تىلدۇرۇش، لىم، جەگە راسلاش، لىم، جەگىلەرنىڭ كەمتۈك يەرلىرىگە ياماق سېلىش، چاتمىلارنى چېتىش، ئاددىي تۈۋرۈك، ناـ چىلارنى ياساش، جەگە تىزىش، ۋاسا تىزىش، قوش پېشايۋانلارنىڭ لىم، ناچىلىرىنى ئۇلاش قاتارلىق ھۈنەرلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلار ئۆي يېپىشتا بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئەقەللىي بىلىملەردۇر.

شۇڭا، ئۆگەنگۈچىلەر ياغاچ تاللاش، تىلدۇرۇش، لىم، جەگە، ۋاسا

راسلاپ، چاتمىلارنى چېتىپ، جەگە، لىملارنىڭ كەمتۈك يېرىگە ياماق سېلىپ، تۈۋرۈك، ناچىلارنى ياساپ، بىرەر ئاددىي ئۆي ياكى پېشايۋاننى يېپىپ، كىتابتا ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ ھۈنىرىنى مۇستەھكەملىشى لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىشقا ياغاچ تاللاش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
2. ياغاچ تىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ ؟
3. لىم ۋە جەگىلەرگە ياماق سېلىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
4. ئۆيلەرنىڭ چاتمىلىرىنى چېتىش ئۇسۇللىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
5. چاتما ياغىچى ئېگىلىۋالسا قانداق قىلىپ تۈزلەش كېرەك؟
6. چاتمىنىڭ ئۈستىگە جەگە تىزىش، پەرمان قېقىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
7. ۋاسا ياساش ۋە تىزىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
8. ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ جەگىلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
9. ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ تۈۋرۈكىنى ياساش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟
10. ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ ناچىلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
11. ئاددىي پېشايۋانلارنىڭ لىملىرى قانداق ياسىلىدۇ؟
12. پېشايۋانلارنىڭ لىملىرىنى ئۇدۇل تاقاپ ئۇلاش قانداق بولىدۇ؟
13. پېشايۋاننىڭ لىملىرىنى بىر-بىرىنى تولۇقلاپ ياپسار كەلتۈرۈپ ئۇلاش قانداق بولىدۇ؟
14. بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئۇلاش قانداق بولىدۇ؟
15. بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ شىنا قىستۇرۇپ ئۇلاش قانداق بولىدۇ ؟
16. ئاددىي پېشايۋانلار قانداق قۇراشتۇرۇلىدۇ؟
17. ئاددىي پېشايۋانلارنى يېپىشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟
18. قوش پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

# سەككىزىنچى باب ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇلى

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ ئېشىپ بېرىـ شىغا ئەگىشىپ، كىشىلەر ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى چىرايلىق، كۆركەم ياـ ساتماقتا. بۇھال ياغاچچى ئۇستىلارغىمۇ بارلىق ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش تەلىپىنى قويماقتا. ھۈنەر ـ كەسىپ، كۈنـدىن ـ كۈنگە يېڭىلانماقتا، تەرەققىي قىلماقتا، جەگە، چاتما، لىم، تۈۋرۈكلىرىگە گۈل ـ نەقىشلەر چىقىرىلغان، ھەر خىل باسمىلار مىخلانغان، تۈۋرۈكلىرى ھەر خىل شەكىلدە ياسالغان ئۆي ۋە پېشايۋانلار بارلىققا كەلمەكتە.

تۆۋەندە بىز ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇلـ لىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1 § . ياغاچ تاللاش ۋە تىلدۇرۇش ئۇسۇللىرى

1. ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى ياپىدىغان ياغاچ تۈز بوـ لۇشى كېرەك. ياغاچ تۈز بولسا تىلدۇرغاندا ياغاچنىڭ قىرلىرى تۈز چىقىدۇ. ياماق سېلىپ، كەمتۈك يەرلىرىنى تولۇقلاشمۇ ھاجەتسىز. ياـ غاچقا ياماق سېلىنمىسا گۈل ئويۇش ئاسان بولىدۇ. ئىش سۈپەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، تۈز ياغاچلارنى تاللاش كېرەك .


2. ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى ياپىدىغان ياغاچلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى بىردەك بولۇشى كېرەك. تاللانغان ياغاچنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىردەك بولسا، ھەربىر خىل ئۆلچەمدە تىلىپ راسلىغىلى، بىر خىل ئۆلچەمدە گۈل ـ نەقىش ئويغىـ لى، باسمىلارنى مىخلىغىلى بولىدۇ. بىر ياغاچنىڭ يۈزى كەڭ يەنە بىرـ

ياغاچنىڭ يۈزى تار، بىر ياغاچنىڭ يېنى ئېگىز يەنە بىر ياغاچنىڭ يېنى پاكار بولۇپ قالسا گۈل - نەقىشلىرىنىمۇ بىرخىل ئۆلچەمدە چىقارغىلى بولمايدۇ. بىر گۈل، بىر جەگىنىڭ يۈزىگە چوڭ كېلىپ قالسا، بىر جەگىنىڭ يۈزىگە كىچىك كېلىپ قالىدۇ. قىسقىسى ئۆي سۈپەتلىك ئۆلچەملىك بولماي قالىدۇ.

3. ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى ياپىدىغان ياغاچ، قۇرۇق، تەركىبىدىكى ھۆللۈك نىسبىتى 15% تىن تۆۋەن بولۇشى، يېرىلمىغان، پۈتاقلىرى ئاز، پورلاشمىغان بولۇشى كېرەك. قۇرۇق ياغاچنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولىدۇ. شۇڭا، ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ جەگە، خاللىرىنى قۇرۇق ياغاچتىن قىلىش كېرەك. ئەگەر تەركىبىدىكى ھۆللۈك 22% تىن يۇقىرى بولغان ياغاچتا ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش توغرا كەلسە، 4 سانتىمېتىرلىق جەگىلەر، 2 ~ 3.5 سانتىمېتىرلىق جەگىلەر، 1.5 سانتىمېتىرلىق جەگىلەر، 1 سانتىمېتىر قىلىپ ئۆلچەم بويىچە دۈمچەك ياسىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ياغاچ ئۆيگە سېلىنىپ، ئۈستىگە ۋاسا تىزىلىپ، بورا - قومۇش سېلىنىپ لاي سالغاندا تەدرىجىي تۆۋەنگە ئېگىلىپ تۈزلىنىپ قالىدۇ. ھۆل ياغاچ تۈز قىلىپ ياسىلىپ ئۆيگە سېلىنسا كېيىنچە تۆۋەنگە ئېگىلىپ زەمبىلدەك بولۇپ قېلىپ، ئۆينىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. يېرىلغان، پۈتاقلىق ياغاچلارنىمۇ تاللىماسلىق كېرەك. بۇنداق ياغاچلارغا گۈل ئويۇش ئەپسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتاقلىق ياغاچنىڭ كۆتۈرۈش كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئاسانلا پۈتاق بار يەردىن سۇنۇپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. پورلاشقان ياغاچلارنىمۇ ئۆي يېپىشقا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، پورلاشقان ياغاچ كۈچىنى يوقاتقان ياغاچ بولۇپ، ئۆي - يېپىشقا ئىشلەتكەندە سۇنۇپ كېتىدۇ.

4. پېشايۋانلارنىڭ لىم، تۈۋرۈكلىرىگە ياغاچ تاللىغاندىمۇ يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، ياغاچنىڭ تىك كۆتۈرۈش كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، پەقەت تۈۋرۈك قىلىنىدىغان ياغاچ قۇرۇق بولۇشى، پەقەت بولمىغاندا تەركىبىدىكى ھۆللۈك 50% تىن ئېشىپ كەتمىگەن

بولۇشى كېرەك.



1.8 ـ رەسىم. هۆل ياغاچنىڭ دۈمچەك راسلىنىشى

ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ ياغاچلىرىنى تىلدۇرۇشقىمۇ تۆۋەندىكىدەك تەلەپلەر قويۇلىدۇ.

1) جەگە، چاتمىلىق ياغاچ، لىملارنىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىنى بىر خىل ئۆلچەمگە كەلتۈرۈش كېرەك.

2) تىلدۇرىدىغان ياغاچنىڭ پۈتاقلىرى بولسا كەكە ياكى چوت بىلەن چېپىپ ئېلىۋېتىش كېرەك.

3) تىلدۇرۇلىدىغان ياغاچنىڭ قانداق ئۆلچەمدە تىلدۇرىدىغانلىقىنى خاتىرە قالدۇرۇش ياكى قەلەم بىلەن ياغاچقا يېزىپ قويۇش كېرەك.

4) ياغاچنىڭ يۈزىنى كەڭ چىقىرىمەن دەپ، ئېگىزلىكىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىن، ياغاچنىڭ يۈزى كىچىكلەپ كېتىدىكەن دەپ بىر يېنىنى كەڭ يەنە بىر يېنىنىڭ تار چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. قىسقىسى ياغاچنى ئۆلچەمسىز تىلىپ، ياغاچنىڭ نابۇت بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.


5) ياغاچتىن باسما، ئوشۇقچە، مەرەپچە، پىلتە، ناۋا باسما، كېۋدزەك، پەرمانلىرىنى تىلدۇرۇشتىمۇ، شۇ شەكىل، تۈرلەرنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئاساس قىلىش كېرەك.

## § 2 . تۈرلۈك باسمىلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى

ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىشتا جەگىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە باسما مىخلىغاندىن باشقا ئۆينىڭ چاتمىلىرىغا، لىملىرىنىڭ ئۈستىگە نەچچە قەۋەت باسما مىخلاشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. توم پىلتە**


توم پىلتە ئادەتتە چاتمىنىڭ ئاستى - ئۈستىگە شۇنداقلا ئوشۇقچىنىڭ ئاستى - ئۈستىگە مىخلىنىدۇ. توم پىلتىنىڭ قېلىنلىقى 2.5 ~ 3.5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8 ~ 10 سانتىمېتىرلىق شالدىن ياسىلىدۇ. توم پىلتىنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى سىلىق رەندىلىنىدۇ. ئىشلىتىشتە ئۇدۇل ئۇلاپ ئىشلەتسىمۇ، بۇرۇچ كەلتۈرۈپ ئۇلاپ ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.



2.8 - رەسىم. توم پىلتە

**2. ئوشۇقچە**

ئوشۇقچە ئۆيگە تارتىلغان چاتمىنىڭ ئاستى - ئۈستىگە، بەزى چاتمىلارنىڭ ئۈستىگە مىخلىنىدۇ. ئوشۇقچىنىڭمۇ قېلىنلىقى 2 ~ 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 8 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. ئوشۇقچىنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى سىلىق رەندىلىنىدۇ. ئاندىن ئوشۇقچە ئويۇلىدىغان يۈز 1 سانتىمېتىر ياكى 2 ~ 3 سانتىمېتىر ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ، چوڭقۇرلۇقى 0.5 ~ 1 سانتىمېتىر ھەرىدىلىپ رەندىنىڭ تىغى ياكى بىسى كەڭ نېپىز قەلەم (نېپىز ئىسكىنە) بىلەن كېسىلگەن يەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن شىلىپ ئوشۇقچە چىقىرىلىدۇ.



3



8 .3 ـ رەسىم. ئوشۇقچە

1. نېپىز، كەڭ ئويۇلغان ئوشۇقچە؛ 2. قېلىن، تار ئويۇلغان ئوشۇقچە؛ 3. ئىككى يانغا يانتۇ ئويۇلغان ئوشۇقچە.

**3. مەرەپچە**


مەرەپچە بىرخىل باسما بولۇپ، چاتمىنىڭ ئۈستىگە، لىمنىڭ ئۈستىگە مىخلىنىدۇ. ئادەتتە مەرەپچە ياغىچىنىڭ قېلىنلىقى 5 ~ 7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. مەرەپچە ياغىچىنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى، يۈزى سىلىق رەندىلىنىپ راسلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يۈز قىسمىغا مەرەپچە سىزىلىپ، ئاۋۋال تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلى ئويۇلىدۇ، ئاندىن مەرەپچە شەكلى چىقىرىلىدۇ.



8 .4 ـ رەسىم. مەرەپچىنىڭ ئويۇلۇشى

**4. چاقماق شەكىل**

چاقماقنىڭمۇ شەكلى بىرخىل باسما بولۇپ، ئۆي چاتمىسىنىڭ ئۈستى، لىملارنىڭ ئۈستىگە، تۈرلۈك باسمىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرخىل شەكىل چىقىرىش ئۈچۈن ئويۇپ مىخلىنىدۇ. چاقماق شەكىل ئويۇلىدىغان ياغاچنىڭ قېلىنلىقى 4 ~ 6 سانتىمېتىر بولىدۇ (ئەلۋەتتە قېلىنلىقى ئۇنىڭدىن كىچىك ياكى چوڭ بولسىمۇ بولىدۇ)، كەڭلىكى 4 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. چاقماق ئويۇلىدىغان ياغاچنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى ۋە يۈزى سىلىق رەندىلىنىدۇ. ياغاچنىڭ يۈز قىسمىغا چاقماق سىزىلىپ گۈل ئويۇش پىچىقى ياكى رەندە تىغىنىڭ بۇرجىكى بىلەن ئويۇلىدۇ.



5 .8 ـ رەسىم. چاقماق شەكىللىرى


### 5. ناۋا باسما

ناۋا باسما ئۆينىڭ چاتما، لىملىرىغا مىخلانغان بارلىق باسمىلارنىڭ ئەڭ تۆپىگە مىخلىنىدىغان باسما بولۇپ، ئادەتتە ئۇنىڭ قېلىنلىقى 5 ~ 7 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. ناۋا باسما ياغىچنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى ۋە يۈزى رەندە سېلىنىپ سىلىقلىنىدۇ. يۈز قىسمىغا ناۋا رەندە بىلەن گۈل چىقىرىلىدۇ. چاتما ۋە لىملارغا مىخلاشتا بۇرۇچ كەلتۈرۈپ ئۇلاپ مىخلىنىدۇ.


ناۋا باسما قوش پىلتىلىك باسما، تاق پىلتىلىك باسما دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

ناۋا باسمىلار ئادەتتە چاتما، لىملارغا، جەگىلەرنىڭ ئۈستىگە، ئىشىك كېشەكلىرىنىڭ يانلىرىغا مىخلىنىدۇ.

1



2



6 .8 ـ رەسىم. ناۋا باسمىلار

1. تاق پىلتىلىك ناۋا باسما؛ 2. قوش پىلتىلىك ناۋا باسما

### 6. چىغ باستى


ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىشتا، ئۆينىڭ چاتما، لىملىرىغا، پېشايۋاننىڭ چاتما، لىملىرىغا مىخلانغان ئوشۇقچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىغ باستى مىخلىنىدۇ. چىغ باستى ياغىچىنىڭ قېلىنلىقى 2 ~ 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 7 ~ 10 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياغاچنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسى، يۈز قىسمى رەندىلىنىدۇ. يۈز قىسمىنىڭ ئىككى قىرى يوپۇرۇلۇپ توم راسلىنىدۇ. چىغ باستى توم پىلتە بىلەن ئوخشاش بولۇپ قېلىنلىقى جەھەتتىنلا پەرقلىنىدۇ.



8.7 - رەسىم. چىغ باستى

### 7. غىش باسما

غىش باسما قېلىنلىقى 4 ~ 5 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 6 ~ 8 سانتىمېتىر بولغان ياغاچنىڭ يۈز قىسمىغا غىش شەكلىنى چىقىرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. غىش باسمىنىڭمۇ ئىككى قوۋۇرغىسى، يۈزى سىلىق راسلىنىدۇ. غىش شەكلى ياغاچتا قالدۇرۇلۇپ قالغان يەرلىرى 1 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا ئويۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. بۇ قاپارتما نەقىشكە ئوخشايدۇ.





8.8 - رەسىم . غىش باسما

### 8. گۈل ئويۇلغان باسما

گۈل ئويۇلغان باسما ئادەتتە لىمنىڭ ئۈستىدىكى باسمىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدۇ. شۇڭا، باسما ياغاچ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 6 ~ 8 سانتىمېتىر بولۇشى، قوۋۇرغىسىمۇ 6 ~ 7 سانتىمېتىر بولۇشى لازىم. گۈل -

نەقىشنى ياغاچقا ئويۇشقىمۇ ياكى گۈلنى ياغاچقا ئويۇپ قالغان بوش يەر-
لەرنى ئېلىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ. گۈل ئويۇلىدىغان باسمىنىڭ قېلىنلىقى ئو-
يۇلىدىغان گۈل- نەقىشنىڭ كەڭلىكىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. كۆپ
هاللاردا بۇنداق باسمىغا زەنجىر سىمان گۈل - نەقىش ئىشلىتىلىدۇ. بۇ
گۈل - نەقىشلەرنى كېشەكلەرنىڭ يانلىرىغىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.





9.8 ـ رەسىم. گۈل ئويۇلغان باسمىلار

## 3§ . جەگە راسلاش ئۇسۇللىرى

ئالدىنقى بابتا ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىم ۋە جەگىلىرىنى راسلاش ئۇستىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ يەردە ئۇنى تەكرارلاپ ئولتۇرمايمىز. جەگە راسلاشمۇ ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىم، جە-


گە، تۇۋرۇكلەرنىڭ ياغاچلىرىنى تاللىغانغا ئوخشاشتۇر، چوڭ، پۇتاقلىرى ئاز، پورلاشمىغان، قۇرۇق، يېرىلمىغان ياغاچلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى، ياغاچقا بولغان تەلەپ يۇقىرى بولۇپلا قالماي ھۈنەر، شەكىل، نۇسخا، نەقىشلەرگە بولغان تەلەپنىڭمۇ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالساقلا كۇپايە قىلىدۇ.


**1. مۇرەككەپ ئۆيلەرنىڭ جەگىلىرىنى ياساش ئۇسۇلى**

مۇرەككەپ ئۆي ۋە پېشايۋانلار ئادەتتە مېھمانخانا، ئايۋان، بوي پېشايۋان، قوش پېشايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە جەگە ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ توغرا تەرىپىگە سېلىنىدىغان بولغاچقا، جەگىلەر ئۆي ۋە پېشايۋاننىڭ كەڭلىكىدىن50 ~ 60 سانتىمېتىر ئۇزۇن راسلىنىپ ئۆي تېمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چىقىرىلىدۇ. پېشايۋاننىڭ بولسا تام تەرىپىگە ۋە پېشايۋاننىڭ ئالدى تەرىپىگە چىقىرىلىدۇ. پېشايۋان جەگىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە گۈل چىقىرىلىدۇ، جەگە بىلەن جەگە ئۇچىنىڭ ئارىلىقىغا گۈل ئويۇلىدىغان كېۋىزەك شال مىخلىنىدۇ، جەگە ئۇچىنىڭ ئۈستىگە، ناۋا، ئوشۇقچە مەرەپچە، توم پىلتە، چىغ باستى، چاقماق، گۈل - نەقىش قاتارلىق باسمىلارنىڭ خالىغانلىرى بىر قانچە قەۋەت مىخلىنىدۇ.

جەگىلەرمۇ، 8 ~ 10 سانتىمېتىر، 10 ~ 12 سانتىمېتىر، 12 ~ 14 سانتىمېتىر، 14 ~ 16 سانتىمېتىرچە تىلىنىپ، تار تەرىپى يۇزى، كەڭ تەرىپى ئېگىزلىكى قىلىنىدۇ، جەگىلەرنىڭ ئۈستىنىڭ ئىككى قىرىغا 4 ~ 6 سانتىمېتىر، 4 × 5 سانتىمېتىرلىق ناۋا باسما مىخلىنىپ، جەگىنىڭ ئېگىزلىكى تېخىمۇ ئېگىز، كۆرۈنۈشى تېخىمۇ كۆركەم قىلىنىدۇ، جەگىنىڭ ئۈستى قىسمىغا ئاۋۋال بىر قاتار چىغ باستى، ئاندىن ئوشۇقچە، ئاندىن چىغ باستى مىخلاپ تېخىمۇ كۆركەم قىلىپ راسلاشقىمۇ بولىدۇ.

1







8. 10 ـ رەسىم. باسما مىخلانغان جەگىلەر

1. ئويما باسما مىخلانغان جەگە؛ 2. تاق پىلتىلىك ناۋا باسما مىخلانغان جەگە؛ 3. قوش پىلتىلىك ناۋا باسما مىخلانغان جەگە؛ 4. ئويما باسما، ئوشۇقچە، چىغ باستى؛ 5.قوش پىلتىلىك ناۋا مىخلانغان جەگە.


## 2. گۈل ئويۇلغان جەگىلەرنىڭ ياسىلىشى

جەگىلەرنىڭ ئۈستى قىسمىغا گۈل ـ نەقىشلەر مىخلىغاندىن باشقا، جەگە يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە ئىككى بېشىغا گۈل ئويۇشقا ياكى گۈلنى قاپارتما نەقىش قىلىپ چىقىرىشقا بولىدۇ. يەنە جەگىلەرنىڭ ئىككى قوۋۇرغىسىغىمۇ نەقىش چىقىرىشقا بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا ئۆي ۋە پېشايۋانلار ئىنتايىن كۆركەم، چىرايلىق بولىدۇ.



8. 11 ـ رەسىم. ئاستىغا گۈل چىقىرىلغان جەگىلەر


## 3. ئاستى ۋە قوۋۇرغىسىغا گۈل چىقىرىلغان جەگىلەر



8. 12 ـ رەسىم. ئاستى ۋە قوۋۇرغىسىغا نەقىش چىقىرىلغان جەگىلەر

### 4. پېشايۋان جەگىلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

پېشايۋان جەگىلىرى ئۆي جەگىلىرىدىن ئازراقلا پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىدىن پېشايۋانلارنىڭ كەڭلىكى ئۆيلەرنىڭ كەڭلىكىدەك كەڭ بولمىغاچقا، جەگىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆيلەرنىڭ جەگىلىرىدىن سەل قىسقىراق بولىسىمۇ بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، پېشايۋان جەگىلىرى ئۆيلەرنىڭ جەگىلىرىدەك چوڭ بولمىسىمۇ بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، پېشايۋان جەگىلىرىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە گۈل ئويۇلىدۇ. قالغان باسما مىخلاش، گۈل ئويۇش، پەرمان قېقىش قاتارلىق تەرەپلىرىنىڭ ئىش تەرتىپى ئۆي جەگىلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.



8. 13 ـ رەسىم. پېشايۋان جەگىسىنىڭ ئۈچ تەرىپى

### 5. پېشايۋان جەگىسىنىڭ ئالدىغا كېۋىزەك شال مىخلاش


پېشايۋان جەگىلىرى لىم ئۈستىگە تىزىلىپ، ئورنى مۇقىملىنىپ، ئارىلىقىغا پەرمان قېقىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى جەگە ئۈچىنىڭ ئوتتۇرىغا گۈل ئويۇلغان كېۋىزەك شال مىخلىنىدۇ. كېۋىزەك شالنى ھەر بىر جەگىنىڭ ئارىسىغا مىخلىسىمۇ، بىر نەچچە جەگىنى بىر قىلىپ مىخلىسىمۇ بولىدۇ.



8. 14 ـ رەسىم. پېشايۋان جەگىسىنىڭ ئالدىغا كېۋىزەك شال مىخلاش

### 6. جەگە ئۈستىگە نەقىش مىخلاش

پېشايۋان جەگىسىنىڭ ئالدىغا كېۋىزەك شال مىخلىنىپ بولغاندىن كېيىن پېشايۋاننىڭ ئالدىنى تېخىمۇ كۆركەم قىلىش ئۈچۈن بىر قانچە قەۋەت باسما مىخلاشقا بولىدۇ.



8 .15 ـ رەسىم. پېشايۋاننىڭ ئالدىنى زىننەتلەش

بۇ جەگە ئۈستىگە، چىغ باستى، ئوشۇقچە؛ چىغ باستى، چاقماق؛ چىغ باستى، مەرەپچە؛ چىغ باستى، ناۋا باسما مىخلانغان پېشايۋاننىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى

## 4 § . ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى

**1. لىملارنى ياساش**


ئالدىنقى بابتا ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىمنى ياساش ئۇسۇلىنى ۋە لىملارنى ئۇلاش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىپ ئۆتكەنىدۇق.

ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرىنى ياساشنىڭمۇ ئىش تەرتىپلىرى ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرىنى ياساش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. پەقەت ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرى ئاستى-ئۈستىگە بىر نەچچە قەۋەت ھەرخىل باسمىلار مىخلىنىپ، لىمنىڭ يان قوۋۇرغىلىرىغا گۈل -نەقىشلەر ئويۇلۇپ ئالاھىدە ئىشلىنىدۇ.

ئايۋان ۋە پېشايۋانلار لىمىنىڭ ئېگىزلىكى، شۇ لىملارغا ئورنىتىلىدىغان چاتمىلارنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ بولۇشى، چاتمىغا مىخلانغان باسمىلار تەرتىپ بويىچە لىمنىڭ ئاستىغا ۋە ئۈستىگە مىخلىنىشى لازىم.

ئايۋانلىق ئۆيلەرگە كۆپىنچە پۈتۈن لىم ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە ئىككى لىمنى ئۇلاپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرى نىسبەتەن ئۇزۇن بولغاچقا، قۇرۇق ياغاچ ئىشلىتىش كېرەك. ياغاچنىڭ ھۆللۈكى 20% تىن يۇقىرى بولسا 6 مېتىرلىق لىملارنى 3 سانتىمېتىر؛ 8 مېتىرلىق لىملارنى 4سانتىمېتىر؛ 10 مېتىرلىق لىملارنى

5 سانتىمېتىر دۇمچەك ھالەتتە ئىلدۇرۇپ ئىشلىتىش كېرەك. ئايۋان ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈكى دەل لىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇشى كېرەك.



8. 16 ـ رەسىم. پېشايۋان لىملىرىنىڭ يان كۆرۈنۈشى


بۇ لىم ئاستىغا چاقماق، ئوشۇقچە، لىم ئۈستىگە ئوشۇقچە، چىغ باستى،چاقماق؛ چىغ باستى،گۈل ئويۇلغان باسما؛ چىغ باستى، مەرەپچە؛ چىغ باستى، تاق پىلتىلىك ناۋا باسما مىخلانغان كۆرۈنۈشى.

**2. لىملارنىڭ ئاستى تەرىپى**


ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرىنىڭ ئاستى تەرىپىگىمۇ ئالاھىدە ئىشلەشكە بولىدۇ.

لىمنىڭ ئاستى يۈزىنىڭ چۆرىسىگە نېپىز ناۋا باسما مىخلاپ، ئاندىن قىردۇرۇلغان تەسۋىرنىڭ تۆتتىن بىرىنى مىخلاپ، قالغان يېرىگە گۈل ـ نەقىش ئويۇشقا ياكى گۈل ـ نەقىشنى قاپارتما قىلىپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

1



2




8. 17 ـ رەسىم. ئايۋان ياكى پېشايۋان لىملىرىنىڭ ئاستى تەرىپى

1. ئاستى ئادەتتىكىچە ئىشلەنگەن لىم؛ 2. ئاستىغا گۈل چىقىرىلغان لىم.


### 3. ئايۋان ياكى پېشايۋاننىڭ لىم بىلەن چاتمىلىرىنىڭ چېتىلىش شەكلى

ئالىي دەرىجىلىك قىلىپ ياسالغان ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرى بىلەن چاتمىلىرىنى چېتىش ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرى بىلەن چاتمىلىرىنى چېتىشقا ئوخشاشمايدۇ.

1



2




8. 18 - رەسىم. لىم بىلەن هارىقىنىڭ چېتىلىش بۇلۇڭ شەكلى

1) لىم بىلەن چاتما، توم پىلتە، چاقماق، ئوشۇقچە ، گۈل ئويۇلغان لىم ئوشۇقچە، چىغ باستى، چاقماق، چىغ باستى، گۈل ئويۇلغان باسما، چىغ باستى، مەرەپچە، قوش پىلتىلىك ناۋا باسما مىخلانغان شەكلى؛

2) لىم بىلەن چاتمىغا چىغ باستى، ئوشۇقچە، لىم؛ چىغ باستى، مەرەپچە؛ چىغ باستى، غىش باسما؛ چىغ باستى، چاقماق؛ چىغ باستى، تاق پىلتىلىك ناۋا باسما مىخلانغان شەكلى.


**4. ئايۋان ياكى پېشايۋان لىملىرىغا ناچىنىڭ قويۇلۇشى**

ئايۋان ۋە پېشايۋان لىملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئالاھىدە ئىشلەنگەن ناچا قويۇلىدۇ. ناچىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ قېلىنلىقى لىمنىڭ ئاستى تەرىپىگە مىخلانغان باسمىلارنىڭ قېلىنلىقى بىلەن تەڭ بولۇشى كېرەك.




8. 19 ـ رەسىم. لىمغا ناچا قويۇش شەكلى

### 5. جەگىلەرنىڭ ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىسىغا ئويۇلىدىغان نەقىشلەر



















20 .8 ـ رەسىم. جەگىلەرنىڭ ئىككى بېشى ۋە ئوتتۇرىسىغا
ئويۇلىدىغان نەقىشلەر

## 5 § . ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ ئالاھىدە تۈۋرۈكلىرىنى ياساش ئۇسۇللىرى


ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىم، چاتمىلىرى ئالاھىدە گۈل- نەقىش، باسمىلار بىلەن زىننەتلەنگەچكە، لىمغا قويۇلىدىغان تۈۋرۈكلەرمۇ ئالاھىدە ئىشلىنىدۇ. ئالاھىدە ياسالغان تۈۋرۈكلەرنىمۇ تۆت قىرلىق، ئالتە قىرلىق، سەككىز قىرلىق قىلىپ ياساشقا بولىدۇ. ئەمما تۈۋرۈكنىڭ ئاستىدىن سۇپىنىڭ ئېگىزلىكىگىچە بولغان قىسمى دائىم تۆت قىرلىق قىلىپ ياسىلىدۇ.

ئالاھىدە ياسالغان تۈۋرۈكلەرنىڭ قىرلىرىغا ناۋا شەكىللىك چەسەۋەكلەرنى مىخلاشقا، ئىككى چەسۋەك ئارىلىقىدىكى يۈزلەرگە چاقماق ئويۇشقا، تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرىنى ئويۇشقا ياكى قاپارتما نەقىش قىلىپ چىقىرىشقا بولىدۇ. ئالاھىدە ياسالغان تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستى قىسمىنى تۆت قىرلىق، ئالتە قىرلىق، سەككىز قىرلىق قىلىپ، ھەرخىل ئوشۇقچە، چاقماق، ناۋا باسمىلارنى ئايلاندۇرۇپ مىخلاپ، تۈۋرۈك بېشى چىقىرىشقىمۇ ياكى تۈۋرۈك بېشىدىكى 50 ~ 60 سانتىمېتىر ئارىلىقنى قىرىلىرىنى بۇزۇپ يۇمىلاق قىلىپ، ئۈچ قىرلىق ياغاچ راسلاپ، بىر قىرىنى ئۈستىگە قىلىپ ئايلاندۇرۇپ مىخلاش ئارقىلىق ناغرا باش تۈۋرۈك قىلىپ ياساپ چىققىشقىمۇ بولىدۇ، ئاندىن باشقا ئالاھىدە تۈۋرۈكلەرنىڭ باش قىسمىغا ۋە ئاياغ قىسمىغا ئالاھىدە ئىشلەشتىن باشقا ئوتتۇرا قىسمىلىرىغىمۇ تۈرلۈك شەكىللەرنى چىقىرىپ ياساشقا بولىدۇ .


تۈۋرۈكلەر ئالاھىدە ئىشلىنىدىغان بولغاچقا، ياغاچنى ياخشى تاللاش بىلەن بىرگە، قۇرۇق، يېرىقى يوق ياغاچنى تاللاش كېرەك. تۈۋرۈك ياسىغاندا، لىم چوڭ، تۈۋرۈك كىچىك بولۇپ قالسىمۇ ياكى تۈۋرۈك چوڭ لىم كىچىك بولۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ. ئىككىسىنى ماس كەلتۈرۈپ ياساش كېرەك.

## 1. تۈۋرۈكلەرنىڭ باش قىسمى

1



2




8. 21 ـ رەسىم. ھەر خىل تۈۋرۈكلەرنىڭ باش قىسمى

1. چاسا تۈۋرۈكلەرنىڭ باش قىسمى؛ 2. ناغرا باش تۈۋرۈكنىڭ باش قىسمى.

## 2. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستىنقى تەرىپى

تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستىنقى تەرىپى دائىم سۇپا ئېگىزلىكىدە تۆت چاسا قىلىپ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل شەكىلدىكى نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ.





8. 22 ـ رەسىم. تۈۋرۈكنىڭ ئاستىنقى قىسمى

1. ئاستى چاسلىنىپ ياسالغان تۈۋرۈك؛ 2. ئاستىنقى قىسمى چاسلىنىپ، نەقىش ئىشلەنگەن تۈۋرۈك؛ 3. ئاستىنقى قىسمى چاسلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا نەقىش چىقىرىلىپ ئۈستى يەنە چاسلىنىپ ياسالغان تۈۋرۈك.


## § 6 . لىم ۋە چاتمىلارغا باسما مىخلاش شەكىللىرى

ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ چاتمىلىرى ۋە لىملىرىنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىگە بىر نەچچە خىل باسمىنى بىر قانچە قەۋەت مىخلاپ، ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش هازىر خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. بىراق باسمىلارنى بىر ـ بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ مىخلاش تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان مۇهىم خىزمەت هېسابلىنىدۇ.


چاتما ۋە لىمغا باسما مىخلاش شەكىللىرى




8. 23 ـ رەسىم. چاتما ئاستىغا بىر قەۋەت چىغ باستى، بىر قەۋەت ئوشۇقچە، بىر قەۋەت چىغ باستى، چاتما ئۈستىگە بىر قەۋەت چىغ باستى، بىر قەۋەت ئوشۇقچە، بىر قەۋەت چىغ باستى، بىر قەۋەت ناۋا باسما مىخلانغان چاتما ۋە لىمنىڭ شەكلى.



8. 24 ـ رەسىم. چاتما ئاستىغا بىر قەۋەت چىغ باستى، بىر قەۋەت ئوشۇقچە، بىر قەۋەت چىغ باستى، ئاندىن چاتما ئۈستىگە بىر قەۋەت چىغ باستى، بىر قەۋەت ئوشۇقچە، بىر قەۋەت تومپىلتە، بىر قەۋەت چاقماق، بىر قەۋەت مەرەپچە، بىرقەۋەت تومپىلتە، بىر قەۋەت باسما مىخلانغان چاتما ۋە لىمىنىڭ شەكلى.





8. 25 ـ رەسىم. چاتما ئاستىغا تومپىلتە، چاقماق، تەسۋىرى، خىش، چىغ باستى، ئوشۇقـ چە، چىغ باستى، چاتما ئۈستىگە تومپىلتە، ئوشۇقچە، چىغ باستى، تەسۋىرىي خىش، چىغ باستى، چاقماق، چىغ باستى، مەرەپچە، چىغ باستى، چاقماق، چىغ باستى، ناۋا باسما مىخلانغان شەكىل.




8. 26 ـ رەسىم. ھاراق ئاستىغا، بىر قەۋەت ناۋا باسما، چاقماق، چىغ باستى، ئوشۇقچە، چىغ باستى، نەقىش، چىغ باستى، ئوشۇقچە، چىغ باستى، ھاراقنىڭ ئۈستىگە توم پىلتە، ئوشۇقچە، چىغ باستى، تەسۋىرى خىش، چىغ باستى، چاقماق، چىغ باستى، گۈل ـ نەقىش، چىغ باستى، مەرەپچە، چىغ باستى، خىش، چىغ باستى، ناۋا باسما بولۇپ 23 قەۋەت باسما مىخلانغان شەكىل.

## 7 § . چاتمىلارنىڭ يۈزىگە، لىملارنىڭ يانلىرىغا ئويۇلىدىغان بىر قىسىم نەقش شەكىللىرى








8. 27 ـ رەسم. نەقشلەر

## § 8 . باسما مىخلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار


ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا چاتما ۋە لىملارغا باسمىلارنى يۇقىرىقىدەك شەكىللەر بويىچە مىخلاشقىمۇ ئۇنىڭدىن باشقىچەرەك ئۆزگەرتىپ، باسما سانىنى كۆپەيتىپ ياكى كېمەيتىپ مىخلاشقىمۇ بولىدۇ. باسمىلارنى مىخلاشتا باسمىلارنىڭ گۈل چىقىرىلغان يۈزى چاتما ياكى لىمنىڭ ئەسلىي يۈزىدىن ئۈستۈن چىقىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە باسمىلارنىڭ ئۇلانغان يەرلىرىنى بۇرۇچ قىلىپ، ھەم ئۇلاش كېرەك. مىخلىغان مىخنىمۇ ئىچكىرى قېقىش، مىخنىڭ كېيىن كەينىگە يېنىپ ئۈستىدىكى باسمىنى كۆتۈرۈۋېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

## § 9 . جەگگە ۋاسا تىزىش ئۇسۇلى

مەيلى ئاددىي يېپىلىدىغان ئۆي ۋە پېشايۋانلار بولسۇن ياكى ئالىي دەرىجىلىك قىلىپ يېپىلىدىغان ئۆي ۋە پېشايۋانلار بولسۇن ھەممىسىگە ۋاسا ئىشلىتىلىدۇ. تاق ۋاسلىق ئۆي ۋە پېشايۋانلارغا ۋاسا ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ تىزىلىدۇ. ۋاسىنىڭ ئىككى ئۇچى تېگىدىكى جەگنىڭ يېنىدىن 1 ~ 2 سانتىمېتىر چىقىپ تۇرىدۇ ياكى جەگنىڭ يان قىرى بىلەن تەڭ بولىدۇ. تاق ۋاسلىق ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ بۇنداق ۋاسىلىرى ئادەتتە ۋاسا قىلىنىدىغان بادىرنى ئىككى جەگنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگۈدەك كېسىپ كالتەك قىلىپ ئوتتۇرىسىدىن تىلىپ ياكى يېرىپ ئىككى پارچە قىلغاندىن كېيىن كالتەكنىڭ يۈز قىسمى نۇرەندە، داس رەندە، ئورغاق رەندىلەر بىلەن سىلىقلىنىدۇ. ۋاسا تاپىنى ئازراق شىلىۋېتىلىدۇ. جۈپ ۋاسلىق ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ ۋاسىلىرى ئادەتتە كالتەك قىلىنغاندىن كېيىن قىرغۇچتا قىرىپ تەكشى يۇملاقلىنىدۇ. ئاندىن ئوتتۇرىسىدىن تىلىپ ئىككى قىلىنىدۇ. قىرى ياپسار قىلىنىپ، جەگە ئۈستىگە زىچ تىزىلىدۇ. ۋاسىنىڭ ئىككى ئۇچى يەنە بىر ۋاسا بىلەن تېگىشىپ تۇرىدۇ.



8. 28 ـ رەسىم. جەڭگە ۋاسا تىزىش ئۇسۇلى



8. 29 ـ رەسىم. جۈپ ۋاسا تىزىلغان ئۆينىڭ ئاستى كۆرۈنۈشى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يېپىش ئۇسۇلى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ئىش تەرتىپى ئاددىي ئۆي ۋە پېشايۋانلارنى يې-پىش بىلەن ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ھەر خىل باسمىلارنى تەييارلاش ۋە ئۇنى مىخلاش، لىم، جەگىلەرگە نەقىشلەرنى ئويۇش، تۈۋرۈكلەرنى

ياساش قاتارلىق نازۇك بولغان ئىش تۈرلىرىنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارغا ياغاچ تاللاش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

2. ئالىي دەرىجىلىك ئۆي ۋە پېشايۋانلارغا ياغاچ تىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

3. توم پىلتە قانداق ياسىلىدۇ؟

4. ئوشۇقچە قانداق ياسىلىدۇ؟

5. مەرەپچە قانداق ياسىلىدۇ ؟

6. چاقماق قانداق ياسىلىدۇ؟

7. ناۋا باسمىلار قانداق ياسىلىدۇ؟

8. چىغ باستى قانداق ياسىلىدۇ؟

9. غىش باسما قانداق ياسىلىدۇ؟

10. نەقىشلەر ئويۇلغان باسمىلار قانداق ياسىلىدۇ؟

11. جەگە راسلاش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

12. نەقىشلەر ئويۇلغان جەگىلەر قانداق ياسىلىدۇ؟

13. پېشايۋان جەگىلىرى قانداق ياسىلىدۇ؟

14. ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ لىملىرى قانداق ياسىلىدۇ؟

15. ئايۋان ۋە پېشايۋانلارنىڭ تۈۋرۈكلىرىنى ياساش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

16. لىم ۋە جەگىلەرگە باسما مىخلاش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

17. باسما مىخلاشتا نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

18. ۋاسا راسلاش ۋە ۋاسا تىزىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ ؟

# توققۇزىنچى باب ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ تورۇسىغا پەنەركە چاپلاش ئۇسۇللىرى

## 1 § . تورۇسقا پەنەركە چاپلاش ئۇسۇللىرى

ئۆيگە جەگە سېلىپ، جەگىگە ھەرخىل پەنەركىلەرنى بىۋاستە مىخلاشقىمۇ ياكى جەگە تېگىنى ھەرخىل شەكىلدە نېپىز چەسۋەك بىلەن جاھازلاپ، ئاندىن ھەرخىل ئەگمىلەرنى چىقىرىپ پەنەركە مىخلاشقىمۇ بولىدۇ.

تورۇسقا پەنەركە چاپلىغاندا ياغاچ ھۈنەر ئاز كېتىش، سۈپەتلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماي، رەڭلىك پەنەركە ئىشلەتكەندە سىرلاشمۇ ھاجەتسىز. پەنەركە ئادەتتە تورۇسقا تۈز پەتنۇس شەكىلدە، غىش شەكىلدە، ئايلانما پەلەمپەي شەكىلدە چاپلىنىدۇ.


**1. تورۇسقا ئاددىي ئۇسۇلدا پەنەركە چاپلاش**

بۇنىڭدا ئۆيگە سېلىنىدىغان ياغاچنىڭ (جەگىنىڭ) ئاستى يۈزى تەكشىلىنىپ، جەگە يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىلىق بىلەن سىزىق چېكىلىدۇ. پەنەركە شۇ سىزىق بويىچە جەگىگە بىۋاستە مىخلىنىدۇ. ئەگەر جەگە يۈزىنىڭ كەمتۈك ياكى پەس قالغان يەرلىرى بولسا شال ياكى چەسۋەك مىخلاپ تولدۇرۇلۇپ ئاندىن پەنەركە مىخلىنىدۇ.


پەنەركە مىخلانغاندىن كېيىن ئىككى پەنەركىنىڭ ئۇچراشقان قىرىغا، تۆرلۈك شەكىلدىكى چەسۋەك مىخلاپ چاك باستۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆيگىمۇ بىر خىل شەكىل كىرىدۇ. تامغا مىخلانغان پەنەركىنىڭ گىرۋىكىگە چۆرگىلىتىپ ناۋا باسما مىخلىنىپ، تام بىلەن پەنەركە تۇتاشقان ئورۇن باستۇرۇۋېتىلىدۇ. بۇ ئۆينىڭ تورۇسىغا پەنەركە چاپلاشتىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدۇر.

ئادەتتە پەنەركىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى 240 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 120 سانتىمېتىر بولغاچقا، پەنەركە چاپلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ جەگىلىرى ئادەتتە 60 سانتىمېتىر ئارىلىقتا بىر تالدىن سېلىنىدۇ.


پەنەركە چاپلىنىدىغان تورۇسلارنىڭ جەگسى تام ئۈستىگە بىۋاستە قويۇلۇپ تېگىدىن پەنەركە مىخلىنىدۇ. جەگە ئۈستىگە بولسا ۋاسا، شاللار تىزىلىپ شاخ ـ شۇمبا سېلىپ ئاندىن لاي سېلىنىدۇ.




1 .9 ـ رەسىم. پەنەركە مىخلىنىدىغان جەگە



2 .9 ـ رەسىم. پەنەركە مىخلىنىدىغان جەگىنىڭ ئاستى كۆرۈنۈشى



3 .9 ـ رەسىم. پەنەركە تۈز مىخلانغان تورۇسنىڭ كۆرۈنۈشى



4.9 ـ رەسىم. پەنەركە مىخلانغان تورۇسنىڭ كۆرۈنۈشى

**2. تورۇسقا پەتنۇس شەكلىدە پەنەركە چاپلاش**


پەنەركە مىخلىنىدىغان ئۆينىڭ تورۇسىنى پەتنۇس شەكلىدە ياساش بىر خىل ماھارەت بولۇپ، شەكىل جەھەتتىمۇ ئۆيگە بىرخىل ئازادىلىك، گۈزەللىك تۈيغۇسى بېرىدۇ. تورۇسنىڭ چۆرىسىگە پەنەركىنى ئويۇپ ھەرخىل چىراغلارنى ئورنىتىشقا بولىدۇ. تورۇسنىڭ چۆرىسى بىرخىل، ناۋا ئەگمىسىنى بىر خىل، ئوتتۇرىسىنى بىرخىل رەڭلىك پەنەركىلەر بىلەن ئوراپ، ھەرخىل شەكىل چىقارغىلى بولىدۇ.

پەتنۇس شەكلىدە پەنەركە مىخلاشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. بىرى، بىر ئەگمە بىلەنلا پەتنۇس شەكلىنى چىقىرىش؛ يەنە بىرى، قوش

ئەگمىلىك قىلىپ پەتنۇس شەكلىنى چىقىرىش.


**1) بىر ئەگمىلىك تورۇس**

بىر ئەگمىلىك پەتنۇس شەكىل چىقىرىشتا ئۆيىنىڭ تورۇسىنى بويلاپ 40 ~ 60 سانتىمېتىرلىق رامكا ياسىلىدۇ. بۇ رامكا ئۆيگە سېلىنغان جەگىدىن 10 ~ 20 سانتىمېتىر تۆۋەن قىلىپ، جەگىگە ئاسما قىلىپ، ياغاچ بالداق بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ چېتىلىدۇ. ئاندىن جاھازىنىڭ قىرى بىلەن ئۆيگە سېلىنغان جەگە ئوتتۇرىسىدىكى 90° لۇق بۇلۇڭغا پەنەركە ئېگىپ مىخلىنىپ ئەگمە چىقىرىلىدۇ.



9.5 - رەسىم. بىر ئەگمە چىقىرىپ مىخلاش ئۇسۇلى

ئەگمە مىخلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، ئاندىن پەتنۇسنىڭ چۆرىسىگە پەنەركە مىخلىنىدۇ. تورۇسقا چىراغ بېكىتىشتە تورۇسنىڭ چۆرىسىدىكى رامكىغا مىخلانغان پەنەركىدىن، رامكىنىڭ ئوتتۇرىغا مىخلانغان پەنەركىدىن ۋە پەتنۇسنىڭ ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىپ بېكىتىش كېرەك.




9.6 - رەسىم. بىر ئەگمىلىك پەنەركە چاپلانغان تورۇسنىڭ كۆرۈنۈشى


**2) ئىككى ئەگمىلىك تورۇس**

پەنەركىنى تورۇسقا چوڭ ئەگمىلىك، كىچىك ئەگمىلىك قىلىپ يا-


كى ئىككى ئەگمىلىك، ئۈچ ئەگمىلىك قىلىپمۇ چاپلاشقا بولىدۇ. بۇ-نىڭدا چوڭ ئەگمىنىڭ رامكىسى پەسرەك قىلىنىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كى-چىك ئەگمىنىڭ رامكىسىنى سەل ئۈستۈنرەك قىلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىچىك ئەگمىنىڭ رامكىسىنى سەل ئۈستۈنرەك قىلىپ جەگگە ئېسىپ مىخلىنىدۇ. ئىككى ئەگمىسىنىڭ يېنىدىكى يۈز قىسىملىرىغا زىننەت چىراغلىرىنى ئورنىتىشقا بولىدۇ. كىچىك ئەگمىنىڭ ئوتتۇرىسى بولسا يەنىلا جەگگە مىخلىنىدۇ. بۇخىل ئۇسۇل بىلەن تورۇسقا پەنەركە چاپ-لىغاندا ئۆي تولىمۇ چىرايلىق چىقىدۇ.



9. 7 - رەسىم. تورۇسقا ئىككى ئەگمە چىقىرىپ پەنەركە مىخلاش ئۇسۇلى




9. 8 - رەسىم. ئىككى ئەگمىلىك ، ئوتتۇرىسىغا غىش شەكلى چىقىرىلغان پەتنۇس شەكىل-لىك تورۇسنىڭ كۆرۈنۈشى



9 .9 - رەسىم. ئۈچ ئەگمىلىك، نەقىشلىك پەنەركىلىك تورۇس




9 .10 ـ رەسىم. ئۈچ ئەگمىلىك، نەقىشلىك تورۇسنىڭ كۆرۈنۈشى




9 . 11 ـ رەسىم. چۆرسى پەنەركىلىك، ئوتتۇرسى جۇپ ۋاسلىق تورۇسنىڭ كۆرۈنۈشى

## § 2 . پېشايۋانلارنىڭ تورۇسىغا پەنەركە چاپلاش ئۇسۇلى

هازىر ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرىغا پەنەركە چاپلىغاندىن باشقا پېشايۋانلارنىڭ تورۇسلىرىغىمۇ پەنەركە چاپلايدىغان ئەھۋاللار بار. پەنەركە چاپلىنىدىغان پېشايۋانلارمۇ ياغاچ قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئادەتتىكى پېشايۋانلار بىلەن ئوخشاش ئۇسۇلدا يېپىلىدۇ. پېشايۋان ياغاچ قۇرۇلما بىلەن يېپىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەنەركە جەگگە بىۋاستە مىخلىنىدۇ. پېشايۋاننىڭ لىم، تۈۋرۈكلىرىنىمۇ پەنەركە بىلەن ئوراشقا بولىدۇ. پېشايۋان تورۇسىغىمۇ پەتنۇس شەكلىدە، بىر ئەگمىلىك، ئىككى ئەگمىلىك قىلىپ پەنەركە چاپلاشقا بولىدۇ. پېشايۋاننىڭ جەگسىنى ئالدىغا چىقارماي تۈز قىلىپ پەنەركە مىخلىۋېتىشكىمۇ، پېشايۋاننىڭ جەگسىنى ئالدىغا چىقىرىپ، لىم بىلەن جەگنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇلۇڭغا ئەگمە مىخلاپ ياساشقىمۇ بولىدۇ. تۈۋرۈك پېشايۋاننىڭ لىمىغا بىۋاستە قويۇلۇپ ناچا ئورنىنى مەرەپچە شەكلىدە چىقىرىپ، پېشايۋانغا تېخىمۇ ئالاھىدە تۈس بېرىشكىمۇ بولىدۇ. تۈۋرۈك بىلەن تۈۋرۈك ئارىلىقى يىراق بولسا ئوتتۇرىغا بىر ئانارچە ساڭگىلىتىپ مەرەپچە ئارىلىقىنى كىچىكلىتىش كېرەك.




9 . 12 ـ رەسىم. ئانارچە ساڭگىلىتىش




9 .13ـ رەسىم. ئالدى تۈز چىقىرىلىدىغان پەنەركە چاپلانغان پېشايۋاننىڭ
قۇرۇلمىسى


1




2




3





4




9 . 14 - رەسىم. ئانارچە ساڭگىلىتىدىغان پېشايۋاننىڭ قورۇلمىسى


## 3 § . ئۆي ئىچىنى پەنەركە بىلەن بېزەش ئۇسۇللىرى

نۆۋەتتە ئۆي ئىچىنى تام چۆرگىلىتىپ پەنەركە بىلەن بېزەش، ئىـ. شىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئۆي ئىچى تەرەپ چۆرىسىنى پەنەركە بىلەن بې. زەش خېلى ئومۇملاشماقتا. ياغاچچىلىققا نىسبەتەن بۇ بىر ئاددىي ھۈنەر بولۇپ، ئۇنى ئاسانلا ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆي ئىچىنى پەنەركە بىلەن بېزەشتە، ئالدى بىلەن بېزىمەكچى بولغان ئۆينىڭ دېرىزە قويۇلغان ئېگىزلىكىنى ئۆلچىۋالىمىز. ئادەتتە دېرىزىلەر 80 ~ 100 سانتىمېتىر ئېگىزلىككە قويۇلىدۇ. شۇڭا، دېرىزە قويۇلغان ئېگىزلىكى قانچىلىك بولسا ئۆينىڭ چۆرىسىگە شۇ ئېگىزلىك ئاساسىدا سىزىق سىزىۋالىمىز. ئاندىن تىلدۇرۇلغان شالنى تامغا مىخلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە رەڭلىك پەنەركە مىخلاپ، چەسۋەك مىخلاپ چىقىمىز ياكى قېلىن پەنەركىنى پولات مىخ بىلەن تامغا بىۋاستە مىخلاپ چىقىمىز. ئاندىن يېلىم بىرىپ ھەرخىل گۈل نۇسخىلىرى چىقىرىلغان قەغەزنى چاپلاپ چىقىمىز. ئاراچلىرىغا بولسا ھەر خىل چەسۋەكلەرنى مىخلاي. مىز. ئۆينىڭ تام چۆرىسىگە مىخلانغان پەنەركىنى بۆلەكلەرگە بۆلىمىز، بۆلەكلەرنى يەنە خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن بېزىسەكمۇ بولىدۇ. ئىـ. شىك ـ دېرىزىلەرنىڭ ئىچى تەرەپكە ئەگمە چىقىرىپ، ئەگمىنىڭ بۇ. لۇڭلىرىغا نەقىش ئىشلەپ ئورناتساقمۇ بولىدۇ.



15 .9 ـ رەسىم. ئۆينىڭ تام چۆرىسىنىڭ پەنەركە بىلەن بېزىلىش شەكلى




9. 16 - رەسىم. ئىشىك - دېرىزە يانلىرىنىڭ بېزىلىشى

## § 4. نەقىشلەرنى چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش ئۇسۇلى


ياغاچچىلىقتا نەقىشلەرنى چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىپ ئىشلىتىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق بىر نەقىشنى چوڭايتقىلى ۋە كىچىكلەتكىلى بولىدۇ. بىز بىر نەقىشنى چوڭايتماقچى بولساق، ئالدى بىلەن مىللىمېتىرنى بىرلىك قىلىپ ئەسلى نەقىشنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكىنى ئۆلچەپ، چوڭايتماقچى بولغان نەقىشنىڭ ئۈستىدىن ئۇزۇنىسىغا، توغرىسىغا ئىنچىكە سىزىق سىزىپ چىقىمىز. ئاندىن نەقىشنى چوڭايتماقچى بولغان قەغەزنىڭ ئۈستىگە سانتىمېتىرنى بىرلىك قىلىپ سىزىق سىزىپ چىقىمىز. ئاندىن ئەسلى كىچىك نەقىش ئۈستىگە سىزىلغان ھەر بىر مىللىمېتىرنى چوڭايتماقچى بولغان نەقىش سىزىلىدىغان قەغەزدىكى

سانتىمېتىر ئاساس قىلىنغان سىزىقنىڭ قانچە سانتىمېتىرغا تەڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىپ شۇ بويىچە 1 مىللىمېتىرنى 1 سانتىمېتىرغا تەڭ قىلىپ سىزساق ئەسلىدىكى نەقىش ئۇن ھەسسە چوڭىيىدۇ.


1



2




3





9 .17 ـ رەسىم. نەقىش چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش ئۇسۇلى


## 5 § . نەقىش ئۆرنەكلىرى


### 1. تاق نەقىشلەر



## 2. بىرىككەن نەقىشلەر







9 .18 ـ رەسىم. نەقش ئۆرنەكلىرى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ بابتا ئۆي ۋە پېشايۋانلارنىڭ تورۇسىغا پەنەركە چاپلاش ۋە ئۆي ئىچىنى پەنەركە بىلەن زىننەتلەش، شۇنىڭدەك ياغاچچىلىقتا مۇھىم بولغان نەقىشلەرنى چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۆگەنگۈچىلەر ۋاقىت ئاجرىتىپ ئۆي ياكى پېشايۋانلارنىڭ تورۇسلىرىغا ئاددىي ياكى مۇرەككەپ قىلىپ پەنەركىلەرنى چاپلاپ ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى لازىم.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. ئۆيلەرنىڭ تورۇسىغا پەنەركىنى تۈز چاپلاش قانداق ئىشلىنىدۇ؟

2. ئۆيلەرنىڭ تورۇسىنى بىر ئەگمىلىك قىلىپ پەنەركە چاپلاش قانداق ئىشلىنىدۇ ؟

3. ئۆيلەرنىڭ تورۇسىنى ئىككى ئەگمىلىك قىلىپ پەنەركە چاپلاش قانداق ئىشلىنىدۇ؟

4. ئۆيلەرنىڭ تورۇسىنى ئۈچ ئەگمىلىك قىلىپ پەنەركە چاپلاش قانداق ئىشلىنىدۇ؟

5. ئانارچە ساگىلىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

6. ئالدىنى تۈز قىلىپ پەنەركە چاپلانغان پېشايۋانلار قانداق ياسىلىدۇ؟

7. ئالدىغا ئەگمە چىقىرىلغان پېشايۋانلار قانداق ياسىلىدۇ؟

8. نەقىشلەرنى چوڭايتىش ۋە كىچىكلىتىش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

9. ئۆي ئىچىنى پەنەركىدە بېزەش ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

# ئونىنچى باب سىرلاش ۋە ئەينەك سېلىش ئۇسۇللىرى

ياغاچچىلىقنى بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەرنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ. ھازىر كۆپلىگەن ياغاچچىلار ئۆزى ياسىغان ئۆي جاھازلىرى ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئۆزى زاماسكىلاپ، سىرلاپ، ئەينەكلىرىنى كېسىپ، سالماقتا. شۇڭا، ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگۈچىلەر ئاددىي سىرچىلىق ۋە ئەينەكچىلىك بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك.

## § 1 . سىرچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار


سىرچىلىق ئەمەلىيەتتە سىرلاش سۈپىتى ۋە سۈرئىتى سىرچىلىق مەشغۇلات تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، سىرچىلىق سايمانلىرىنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. سىرچىلىقتا سىرلىنىدىغان ئورۇنلار ئوخشاش بولمىغاچقا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ـ سايمانلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سىرنىڭ تىپى ئوخشاش بولمىسا ئۇنىڭغا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ـ سايمانلارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سىرلىنىدىغان بۇيۇملار ئوخشاش بولمىسا ئىشلىتىلىدىغان سىرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

شۇڭا، سىرچىلىقتا سىرنىڭ تىپى، سىرلاش ئوبيېكتى، مەشغۇلات ئۇسۇلى ۋە سىرلاش تەلىپىگە قاراپ ھەر قايسىسىغا ئۆزىگە لايىق ئەسۋاب ـ سايمانلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

**1. لاپاتكا**

لاپاتكا قىرىش تاختىسى بىلەن ياغاچ ساپتىن تۈزۈلىدۇ. لاپاتكا سىرلاشتىن بۇرۇن سىرلىنىدىغان يۈزگە زاماسكا بېرىپ سىلىقداشقا، زاماسكا قالدۇقلىرىنى قىرىپ چىقىرىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. لاپاتكا بىسى

ىنىڭ كەڭلىك ئۆلچىمى ئادەتتە 3 ~ 8 سانتىمېتىر بولىدۇ.




1.10 ـ رەسىم. لاپاتكا

## 2. ئويغۇچ پىچاق

ئويغۇچ پىچاق چوڭ ئويغۇچ پىچاق ۋە كىچىك ئويغۇچ پىچاق دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

چوڭ ئويغۇچ پىچاق كېرەكسىز بولغان كەڭرەك ھەرە تىغىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلچىمى ھەرە تىغىنىڭ كەڭ ـ تارلىقى بويىچە بولسا بولىدۇ. چوڭ ئويغۇچ پىچاق كونا سىرلارنى ياكى سىر بېرىدىغان يەرلەرگە بەك چاپلىشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى قىرىپ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

كىچىك ئويغۇچ پىچاق مىخ ئىزلىرىدىكى يېرىق، تۆشۈكلەردىكى كونا زاماسكا، توپا، لاي دېگەندەك نەرسىلەرنى قىرىپ تازىلىۋېتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.



2.10 ـ رەسىم. چوڭ ـ كىچىك ئويغۇچ پىچاق

## 3. رېزىنكە قىرغۇچ

رېزىنكە قىرغۇچ چىداملىق رېزىنكە بىلەن قاتتىقراق ياغاچ تاختىدىن

ياسىلىدۇ.

رېزىنكە قىرغۇچ ئاساسلىقى ئۆي ـ ئىمارەتلەر تاملىرىنىڭ ئەگرى يۈزلەرگە زاماسكا بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل قىرغۇچنىڭ يۈزى تەكشى، بىسى نېپىز بولىدۇ.



10. 3 ـ رەسىم. رېزىنكە قىرغۇچ

**4. پولات تاختىلىق قىرغۇچ**

بۇ ئېلاستىكلىققا ئىگە نېپىزرەك پولات تاختىنى ياغاچ ساپقا توغرىسىغا بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ ئاساسەن تاملارغا زاماسكا بېرىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىسى بەك ئۆتكۈر بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندە چىڭ تۇتۇش كېرەك.



10. 4 ـ رەسىم. پولات تاختىلىق قىرغۇچ

**5. سۈرتكۈچ**


بۇ كەڭلىكى 7 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر بولغان تۆت چاسا ياغاچ تاختىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنى قۇم قەغەز بىلەن يۆگەپ تۇرۇپ سىرتقى يۈزلەرنى سۈرتكەندە تەكشىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**6. قۇم قەغەز**

قۇم قەغەز ياغاچ يۈزىنى سىلىقلىغۇچى قۇم قەغەز، سىر يۈزىنى سىلىقلىغۇچى قۇم قەغەز ۋە تۆمۈر قۇم قەغەز قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**7. چوتكا**

چوتكا سىرچىلىقتا ھەر خىل يۈزلەرگە سىر بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كەڭ يۈزلەر كەڭ چوتكىدا، تار يۈزلەر تار چوتكىدا سىرلىنىدۇ. ناۋا، نەقىشلەر بولسا موي قەلەمدە سىرلىنىدۇ.



10. 5 ـ رەسىم. ھەر خىل چوتكىلار

## § 2. زاماسكىلاشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار

ياغاچ جاھاز ۋە ئىشىك ـ دېرىزە، تورۇسلارغا زاماسكا بېرىشتىن بۇرۇن مۇنداق بىر قانچە خىل تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش كېرەك.

1. زاماسكا بېرىلىدىغان ياغىچىنىڭ قۇرۇق ياكى قۇرۇق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ياغاچ قۇرۇق بولسا زاماسكىلاشقا بولىدۇ. ياغاچ ھۆل بولسا زاماسكىلاشقا بولمايدۇ.

2. جاھازلاردىكى چىقىپ قالغان مىخ، مىخلارنىڭ كۆتۈكىنى، تومۇرلارنىڭ چىقىپ قالغان يەرلىرىنى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىش بىلەن بىللە يېنىۋالغان تومۇرلار بولسا چىڭىتىۋېتىش كېرەك.

3. جاھاز يۈزىگە لاي ۋە باشقا نەرسىلەر چاپلىشىۋالغان بولسا قىرىپ چىقىرىۋېتىش كېرەك.

4. جاھاز يۈزىدە تۆشۈكچىلەر بولۇپ، تۆشۈكچىلەردە توپا، ئەخلەت ـ چاۋالار بولسا قىرىپ چىقىرىۋېتىش ياكى ئىسپىرت سۈرتۈپ ئوت يېقىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. زاماسكا قېلىن بېرىلىدىغان ياكى زاماسكا تىقىلىدىغان يەرلەر بولسا، ياماق سېلىپ تۈزلەش كېرەك.

5. زاماسكىلىنىدىغان جاھاز يۈزى ۋە باشقا ئورۇنلارنى بىر قېتىم چوتكا ياكى قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈپ قونۇۋالغان توپا،يېلىم يۇقىلىرى-

نى تازلىۋېتىش كېرەك.

## 3 § . زاماسكا تەييارلاش ئۇسۇللىرى

زاماسكا ئادەتتە ياغاچ جاھازلارنىڭ كەمتۈك ئورۇنلىرىنى تولدۇرۇپ سىرلاشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

زاماسكا ئىشلىتىلىدىغان ئورۇن ۋە سىر تۈرلىرىنىڭ ئوخشاشماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل تەييارلىنىدۇ.

1. ئادەتتىكى تەگشەلگەن سىرلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زاماسكىنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇلارنىڭ نىسبىتى:

ئاق زاماسكا، ئاق زاماسكا پاراشوكى، سىلىقلاشتۇرغۇچى پاراشوك ياكى گەجنىڭ مەلۇم بىرىدىن 90%، يېلىم 10% قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

رەڭلىك زاماسكا ئاق زاماسكا پاراشوكى، سىلىقلاشتۇرغۇچى پاراشوك ياكى گەجنىڭ مەلۇم بىرىدىن 75%، ئاقارتقۇچى پاراشوك 10%، يېلىم 10%، ئورگانىك رەڭ ماتېرىياللىرى 5% ۋە ئاز مىقداردا سۇ قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

2. مايلىق سىر زاماسكىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ نىسبىتى:

ماگنىتلىق توپا 65%، ئاقارتقۇچى ئاق پاراشوك 25%، پىششىق ماي 2%، كالتسىيلىق ئېلىپماي 2% ۋە مۇۋاپىق مىقداردا دېۋىرقاي مېيى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

3. رەڭلىك تەگشەلگەن سىر زاماسكىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ نىسبىتى:

ئاق زاماسكا پاراشوكى، سىلىقلاشتۇرغۇچى پاراشوك ياكى گەجنىڭ مەلۇم بىرىدىن 55%، يېلىم 25%، تۆمۈر قىزىل پاراشوكى 10%، پىششىق ماي 5%، رەڭ ماتېرىياللىرى 3% ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

4. ئېلىپماي(سۈزۈك سىر) زاماسكىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ نىسبىتى:

ئاق زاماسكا پاراشوكى، سىلىقلاشتۇرغۇچى پاراشوك ياكى گەجنىڭ مەلۇم بىرىدىن 52%، بارىي سۇلفات 5%، سۇ 3%، كالتسىيلىق ئېلىپماي

23%، رەڭ ماتېرىياللىرى 18%، بۇلار قوشۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

5. ھەر خىل رەڭدە سىرلىنىدىغان جاھازلارغا بېرىلىدىغان زاماسكىنى تەييارلاش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ نىسبىتى:

ئاق زاماسكا پاراشوكى، سىلىقلاشتۇرغۇچى پاراشوك ياكى گەج قالدۇقلارنىڭ خالىغان بىرىدىن 85%، يېلىم ياكى ئېرىتىلگەن شىلاكتىن 10%، رەڭ ماتېرىياللىرىدىن 5% قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

## 4 § . زاماسكىلاش ئۇسۇللىرى


**1. زاماسكىلاش ئۇسۇلى**

ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملار پۈتۈپ چىقىشى بىلەن سىرلاش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىشى ناتايىن. شۇڭا، سىرلاشتىن بۇرۇن ياغاچ بۇيۇملارنىڭ يۈزىنى ھەر خىل تەلەپلەر بويىچە تازىلاش، ئاقارتىش، سىلىقلاش لازىم.

ياغاچ جاھازلارنى زاماسكىلاشتىكى مەقسەت ياغاچ يۈزىدىكى سىزىقلار، يېرىقلار، قۇرت يېگەن جايلار ۋە باشقا نۇقسانلارنى يوقىتىپ ياغاچ يۈزىنى پاقىرتىشتىن ئىبارەت. جىسىملارنىڭ يۈزىنىڭ پارقىرىشى نۇرنىڭ سۇنۇپ قايتىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. نۇر بىر جىسىمغا ئۇرۇلۇپ سۇنۇپ قايتقاندا جىسىم يۈزىدە پارقىراش بارلىققا كېلىدۇ. جىسىمنىڭ يۈزى قانچە سىلىق بولسا ئۇنىڭغا چۈشكەن نۇرمۇ شۇنچە تېز كەينىگە قايتىدۇ. ئەگەر جىسىمنىڭ يۈزى سىلىق بولمىسا نۇر تولۇق قايتمايدۇ. ياكى نۇر چېچىلىپ قايتىدۇ - دە، نەرسىلەرنىڭ يۈزى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سىلىق كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭا، ياغاچ بۇيۇملارنىڭ يۈزىنى قانچە پارقىرىتىمىز دېيدىكەنمىز ئۇنىڭ يۈزىنى شۇنچە سىلىقلىشىمىز لازىم.

زاماسكا ئادەتتە لاپاتكىدا بېرىلىدۇ. زاماسكا بەرگەندە لاپاتكىنى ياغاچ يولى بويىچە ئۇرۇش كېرەك . زاماسكا ياغاچقا بەك كۆپ بېرىلىپ كەتسە زاماسكا تەركىبىدىكى ماي سىرتقا چىقىپ زاماسكا يۈزىدە بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىۋېلىپ، زاماسكىنىڭ قۇرۇشىغا تەسىر كۆر-

ستىدۇ. شۇڭا، زاماسكا بەرگەندە زاماسكىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى قېتىم بېسىپ بېرىش، ئارتۇق قىسمىنى لاپاتكىنى تىك تۇتۇپ قىرىپ ئېلىۋېتىش كېرەك.



10. 6 ـ رەسىم. زاماسكا بېرىش ئۇسۇلى

**2. لاپاتكا تۇتۇش ئۇسۇلى**

لاپاتكىدا زاماسكا بەرگەندە ئوڭ قولىمىزنىڭ باشمالتىقى لاپاتكىنىڭ ئالدىدىن، قالغان تۆت بارمىقىمىز لاپاتكىنىڭ كەينى تەرىپىدىن تۇتۇپ زاماسكىنى ئوڭ تەرەپتىن سول تەرەپكە سىيرىپ بېرىمىز. زاماسكىنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ياكى ئالدىمىز تەرەپكە سىيرىپ بېرىشكە توغرا كەلگەندە، ئوڭ قولىمىزنىڭ بىگىز بارمىقىنى لاپاتكىنىڭ كەينىدىن تىغنى باسىدۇ. قالغان بارماقلىرىمىز بىلەن لاپاتكىنىڭ سىرتىنى تۇتۇپ زاماسكا بېرىمىز.




10. 7 ـ رەسىم. لاپاتكا تۇتۇش ئۇسۇلى

## 5 § . قۇم قەغەز سۈركەش ئۇسۇلى

زاماسكا قۇرۇغاندىن كېيىن قۇم قەغەز سۈركەپ سىلىقدايمىز. ياغاچچىلىق زاماسكىچىلىقىدا ئىشلىتىلىدىغان قۇم قەغەزلەر 0 ~ 2

نومۇرغىچە بولۇپ، قوم قەغەزنىڭ نومۇرى قانچە چوڭ بولسا قوم قەغەز شۇنچە يىرىك بولىدۇ. شۇڭا، زاماسكىنى سۈرتكەندە بىرىنچى قېتىم يىرىك قوم قەغەز، ئىككىنچى قېتىم يۇمشاق قوم قەغەز ئىشلىتىش كېرەك.

قوم قەغەزنى ئىشلەتكەندە بىر تاختا قوم قەغەزنى قاتلاپ تۆت پارچە قىلىۋېلىپ، ئۇششاق بارماقلار بىلەن يەڭگىل سۈركەيمىز ياكى قوم قەغەزنى ياغاچ تاختىغا يۆگەپ سۈركىسەكمۇ بولىدۇ. قوم قەغەز سۈركىگەندە قوم قەغەزنى بەك چىڭ بېسىپ ياغاچ يۈزىدىكى زاماسكىنى چىقىرىۋېتىشكە، جاھازلارنىڭ قىرىنى بۇزۇۋېتىشكە بولمايدۇ.



10. 8 ـ رەسىم. قوم قەغەز سۈركەش ئۇسۇلى

# 6 § . كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سىرلار

**1. سىرلارنىڭ ئاساسىي تەركىبى**

سىرلار نۇرغۇن ماددىلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەر بىر ماددا شۇ خىل سىرنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە خىل مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەتتە بىر تۇڭ سىرنىڭ ئاغزىنى ئاچقاندا، ئىككى خىل سىر قىسمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يەنى ئۈستى قىسمى سۇيۇقلۇق، ئاستى قىسمى چۆكمە ھالەتتە بولىدۇ. بولۇپمۇ تەڭشەلگەن سىر ۋە ماگنىتلىق سىرلار ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بەزى سىرلاردا چۆكمە ماددا بولماستىن بەلكى سىرنىڭ قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى تەكشى، يېپىشقاق بولىدۇ. مەسىلەن، ئېلىپماي (سۈزۈك سىر) ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

سىرلارنىڭ چۆكۈۋالغان قىسمى ھەر خىل رەڭ ماتېرىياللىرى بو-

لۇپ، بۇ خىل رەڭ ماتېرىياللىرى ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى
رەڭ بېرەلەيدىغان رەڭ ماتېرىياللىرى، ئۇلار ياغاچ جاھازلارنىڭ ئەسلىي
قىياپىتىنى يېپىپ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە. مەسىلەن، نىـ
كېل ھەللىرى، تۆمۈر كۆك پاراشوكى، قىزىل توپا، تۆمۈر سېرىق
پاراشوكى، سېرىق توپا، ئاق رەڭ پاراشوكى ئاقارتقۇچى پاراشوك قا-
تارلىقلار. يەنە بىر خىلى، سۈپەت ئۆزگەرتكۈچى رەڭ ماتېرىياللىرى
بولۇپ، ئۇلار سىر تەركىبىدە ئاساسەن سۈزۈك ھالەتتە بولىدۇ ھېچ-
قانداق رەڭنى شەكىللەندۈرمەيدۇ. سىر پەردىسىنىڭ قېلىنلىقىنى ئاشۇ-
رۇپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ سىر پەردىسىنىڭ ئۇپراشقا چىداش قابىلـ-
يىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاق زاماسكا پاراشوكى، ئېغىر كـ-
رىستال پاراشوك، سىلىق تاش پاراشوكى ۋە ماگنىتلىق توپا پاراشوكى
قاتارلىقلار. بۇ خىل سۈپەت ئۆزگەرتكۈچى رەڭ ماتېرىياللىرى تولۇق-
لىغۇچى ماتېرىياللار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

سىرلارنىڭ ئۇستىدىكى سۇيۇقلۇق قىسمى — سۇيۇق ماتېرىيال دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. بۇ خىل سۇيۇق ماتېرىياللارنىڭ تەركىبىي نىسبەتەن مۇرەككەپ
بولۇپ، ئاساسەن قاتۇرغۇچىلار، ئېرىتكۈچىلەر ۋە تولۇقلىغۇچىلاردىن
ئىبارەت ئۈچ قىسمىغا بۆلۈنىدۇ. قاتۇرغۇچى قىسىم — سىرنىڭ مۇھىم
تەركىبىي بولۇپ، بىرىكتۈرگۈچى ياكى قاتتىق قەۋەت پەيدا قىلغۇچى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قاتۇرغۇچىنىڭ فىزىكىلىق ياكى خىمىيەلىك خۇسۇسىيەتـ-
لىرىدىن پايدىلىنىپ جاھاز يۈزىگە يېپىشتۇرۇلغان رەڭ ماتېرىياللىرىنىڭ
نېپىز پەردىسىنى قاتتىق نېپىز پەردىگە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ.

ماي ماتېرىيالى ئاساسەن تۇڭيۇ مېيى، يامازى مېيى، كەندىر مېيى،
پۇرچاق مېيى، ئاپتاپپەرەس مېيى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يېلىم ماتېرىيالى بولسا تەبىئىي دەرەخ يېلىمى، سۈنئىي دەرەخ يېلـ-
مى، دېۋىرقاي، فورمىك كىسلاتاسى، ئۇرىيا ئالدېگىد، شىلاك، ئاممو-
نىيلىق سېللۇلوزا قاتارلىق ماددىلاردىن تەركىب تاپقان.

ماي ماتېرىياللىرى بىلەن يېلىم ماتېرىياللىرى قوشۇلۇپ سىرنى ھا-
سىل قىلىدۇ.

سىر تەركىبىدىكى ئېرىتكۈچى قىسىم بولسا ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، سىر قېتىشىپ پەردە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن سىر پەردىسىنىڭ تەركىبىدە ھەرگىز ساقلىنىپ قالماستىن بەلكى پۈتۈنلەي پارغا ئايلىنىپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇ قىسىم پارغا ئايلانغۇچى قىسىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خام قۇرغاق ماي نىسبەتەن سۇيۇق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئېرىتكۈچى ئىشلىتىش ھاجەتسىز. خام قۇرغاق مايىنى دەرەخ يېلىمى بىلەن پولىمېرلىغاندىن كېيىن يېپىشقاقلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ ئېرىتكۈچىلەردىن پايدىلىنىپ سۇيۇقلاندۇرۇلىدۇ.

**2. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەر**

سىرچىلىقتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئېرىتكۈچىلەردىن ئىسكىپىدار، دېۋىرقاي مېيى، ئىسپىرت، بۇتىل ئىسپىرت، بېنزىن، بانان سۈيى، سىركە كىسلاتالىق ئېستېر قاتارلىقلار بار.

سىر تەركىبىدىكى تولۇقلىغۇچى قىسىم سىر پەردىسىنى پەيدا قىلىشقا ئىشلىتىلگەنلىكتىن، ئۇ سىر پەردىسىنى پەيدا قىلغۇچى قىسىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ خىللىرى كۆپ بولۇپ، قۇۋۋىتىگە قاراپ قۇرۇتقۇچى، ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرغۇچى، نەملىگۈچى، نۇر قايتۇرغۇچى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇتقۇچى بىلەن ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرغۇچىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى كۆپ بولىدۇ.

**3. سىرلارنىڭ تۈرلىرى**

سىرلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، نۆۋەتتە ياغاچ جاھازلارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغىنى ئېلىپماي، تەڭشەلگەن سىر، ماگنىتلىق سىر، قېلىن سىر، ئاممونىيلىق سېللۇلوزا سىرى قاتارلىق ئالتە خىل سىردىن ئىبارەت.

**1) ئېلىپماي**

ئېلىپماي (سۈزۈك سىر) تەركىبىدە رەڭ ماتېرىياللىرى بولمىغان سۈزۈك سىر بولۇپ، ئۇ مايلىق ئېلىپماي ۋە دەرەخ يېلىمى ئېلىپماي دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مايلىق ئېلىپماي ئۆي ئىچىدىكى جاھازلارنى سىرلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دەرەخ يېلىمى ئېلىپماي ئۆي ئىچى ۋە ئۆي سىرتىدىكى جاھازلار-

نى سىرلاشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

2) تەڭشەلگەن سىر

تەڭشەلگەن سىر سىرلار ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان سىر بولۇپ، ئۇ قۇرۇق مايىنى ئاساسىي قۇرۇتقۇچى قىلىپ ئۇستىگە رەڭ ماتېرىياللىرى، ھۆسن قوشقۇچى رەڭ ماتېرىياللىرى، ئېرىتكۈچى ۋە قۇرۇتقۇچىلار قوشۇپ ياسالغان سىر بولۇپ، تەركىبىگە دەرەخ يېلىمى قوشۇلغانلىرى ماگنىتلىق سىر، مايلىق تەڭشەلگەن سىر بولىدۇ.

3) ماگنىتلىق سىر

ماگنىتلىق تەڭشەلگەن سىرنىڭ تەننەرخى ئەرزان، يېپىشىش كۈچى يۇقىرى، سىر پەردىسىنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىگە چىدامچانلىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل سىرنىڭ سىر پەردىسىنىڭ قۇرۇشى ئاستا، پارقىراقلىقى سەل ناچار بولىدۇ.

مايلىق تەڭشەلگەن سىرنىڭ يېپىشىش كۈچى، كىلىمات ئۆزگىرىشىگە چىدامچانلىقى يۇقىرى، ئەمما سىر پەردىسى ئاستا قۇرۇيدۇ. پارقىراقلىقمۇ نىسبەتەن ناچار. بۇ خىل سىردا پەقەت ئۆي ئىچىدىكى جاھازلارنىلا سىرلاشقا بولىدۇ.

4) قېلىن سىر

قويۇق سىر ياكى قوغۇشۇن مېيى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ باھاسى ئەرزان، سۈپىتى ناچار بولۇپ، زور مىقداردىكى سۈپەت ئۆزگەرتكۈچى رەڭ ماتېرىياللىرى قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل سىرنى ئاساسەن ئەستەر سىر قىلىپ ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ.

5) ئاممونىيلىق سېللۇلوزا سىرى

بۇ دەرەخ يېلىمى، پىلاتستىماسسا ئاشۇرغۇچىلارنىڭ پارلىنىشچان ئورگانىك ئېرىتكۈچىلىرى ۋە سۇيۇقلاندۇرغۇچ ئېرىتمىسى بولۇپ، بىر خىل سۇيۇق ۋە يېپىشقاق سۇيۇقلۇقتۇر. بۇ خىل سىرنى سىر پۈركۈش ماشىنىسى بىلەن پۈركۈپ سىرلاشقا بولىدۇ.

6) لاك

لاك ئالىي دەرىجىلىك سىر بولۇپ، سىر پەردىسىنىڭ قۇرۇشى تېز، ئۇپراشقا چىداملىق، سىلىق، پارقىراق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىسمۇ. نەملىكى يۇقىرى يەردە ئىشلىتەكەندە ئاقىرىۋالىدۇ. لاكنىڭ

تەننەرخى باشقا سىرلارغا قارىغاندا ئۈستۈن تۇرىدۇ .

## 7 § . سىر تەڭشەش ئۇسۇللىرى

سىر تەڭشەشتە ئانار رەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ . ئانار رەڭ — قىزىل، سېرىق، كۆك، قارا، ئاق رەڭلىك بولۇپ، مۇشۇ بەش خىل ئانار رەڭنى قوشۇش ئارقىلىق بىرىنچى قېتىمدا بىر خىل رەڭ شەكلىنى، يېڭى ھاسىل بولغان رەڭنى يەنە ئۆزئارا قوشۇش ئارقىلىق يەنە بىر خىل رەڭ شەكلىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان سىرلارنىڭ ئاساسلىق رەڭ تۈرى 11 خىل بولۇپ، ئۇلار ئاق سىر، ئوتتۇراھال ھاۋا رەڭلىك سىر، قىزىل رەڭلىك سىر، شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك سىر، كېۋەز چېچەكى رەڭلىك سىر، سۇس ئەترەڭ سىر، سۇس سېرىق رەڭلىك سىر، ئوتتۇراھال يېشىل رەڭلىك سىر، ئانار ئۈلى قىزىل رەڭلىك سىر ۋە نوقۇت رەڭلىك سىردىن ئىبارەت، بۇلار يۇقىرىدا دېيىلگەن ئالتە خىل سىرنى ئۆزئارا قوشۇش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن.

مەسىلەن، ئاق رەڭلىك سىر ئاساس قىلىنىپ مۇنداق بىرقانچە سىرنى تەڭشەشكە بولىدۇ.

95 گىرام ئاق سىرغا 5 گىرام زەيتۇن رەڭلىك سىر ئارىلاشتۇرۇلسا 100 گىرام ئوتتۇراھال ھاۋا رەڭلىك سىر ھاسىل بولىدۇ.

85 گىرام ئاق رەڭلىك سىرغا 10 گىرام ئاچ سېرىق رەڭلىك سىر، 5 گىرام زەيتۇن رەڭلىك سىر ئارىلاشتۇرۇلسا 100 گىرام ئالما رەڭلىك سىر ھاسىل بولىدۇ.

90 گىرام ئاق رەڭلىك سىرغا 10 گىرام قىزىل رەڭلىك سىر ئارىلاشتۇرۇلسا 100 گىرام شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك سىر ھاسىل بولىدۇ.

90 گىرام ئاق رەڭلىك سىرغا 10 گىرام ئاچ سېرىق رەڭلىك سىر ئارىلاشتۇرۇلسا 100 گىرام كېۋەز چېچەكى رەڭلىك سىر ھاسىل بولىدۇ.

90 گىرام ئاق رەڭلىك سىرغا 5 گىرام سېرىق رەڭلىك سىر، 5 گىرام قىزىل رەڭلىك سىر ئارىلاشتۇرۇلسا 100 گىرام سۇس ئەترەڭ

رەڭلىك سىر ھاسىل بولىدۇ.

ئايرىم ئەھۋالدا مەلۇم خىلدىكى سىر بولمىسا باشقا سىرلارنى قوشۇش ئارقىلىق شۇ خىل سىرنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: قارا رەڭلىك سىر بولمىسا قىزىل رەڭلىك سىر، كۆك رەڭلىك سىر، سېرىق رەڭلىك سىر، جىگەر رەڭلىك سىر، سۆسۈن رەڭلىك سىر، يېشىل رەڭلىك سىرلارنى قوشساق قارا سىر ھاسىل بولىدۇ.

جىگەر رەڭلىك سىر بولمىسا كۆل رەڭلىك سىر بىلەن قىزغۇچ رەڭلىك سېرىق سىرنى قوشساق جىگەر رەڭلىك سىر ھاسىل بولىدۇ.

دېمەك، ئەسلىي ئانار رەڭلىك سىرنى بىر-بىرىگە قوشۇپ، ھاسىل بولغان سىرنى يەنە بىر-بىرىگە قوشۇش ئارقىلىق بىز ئېرىشمەكچى بولغان خالىغان رەڭدىكى سىرغا ئېرىشەلەيمىز .

**ھەر خىل رەڭلىك سىرلارنى ھاسىل قىلىش جەدۋىلى**

| | ئاق | سېرىق | كۆك | قىزىل | قارا |
|---|---|---|---|---|---|
| سۇس سارغۇچ رەڭلىك سىر | + | + | − | − | − |
| ئۇغۇز رەڭلىك سىر | + | + | − | + | − |
| كۆل رەڭلىك سىر | + | − | − | − | + |
| ئەت رەڭلىك سىر | + | − | + | − | + |
| يېشىل رەڭلىك سىر | − | + | + | − | + |
| توق يېشىل رەڭلىك سىر | − | + | + | − | + |
| ھاۋا رەڭلىك سىر | + | − | + | − | − |
| توق قىزىل رەڭلىك سىر | − | + | − | + | − |
| ئاچ قىزىل رەڭلىك سىر | + | − | − | + | − |
| قوڭۇر رەڭلىك سىر | − | − | − | + | + |
| توق قوڭۇر رەڭلىك سىر | − | + | − | − | + |
| ئاچ قارا سېرىق رەڭلىك سىر | − | + | − | − | + |
| توق قارا رەڭلىك سىر | − | + | − | + | + |
| ئاچ يېشىل رەڭلىك سىر | + | + | + | − | − |

## 8§ . سىرلايدىغان ئۆي جاھازلىرىنى بويايدىغان بوياقلار

ھازىر ياغاچ ماتېرىياللىرىدىن ياسالغان ئۆي جاھازلارنى ئەسلىي رەڭگىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ سىرلاش ئۈچۈن ئاۋۋال بوياقلار بىلەن بوياپ ئاندىن سىرلاش ئۇسۇلى قوللىنىلماقتا.

بوياق ماتېرىياللىرى ئادەتتە ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن 10 خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**1. سۇ بوياق**

سۇ بوياق ئاساسەن كىسلاتالىق بوياق بولۇپ، تەركىبىدە مېتال بولغان كىسلاتالىق رەڭ ماتېرىياللىرىغا ئوخشاش تەبىئىي رەڭ ماتېرىياللىرىغا سۇ قوشۇش ئارقىلىق ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە يېلىم، سوپۇن مېيى ياكى ئىشقارلار بولمايدۇ.

سۇ بوياق ئۆي جاھازلىرىنى سىرلايدىغان رەڭ ئورنىدا بازارلاردا كەگرى سېتىلىدۇ. ئۇ پاراشوك ھالەتتە بولۇپ تەڭشەپ ئىشلىتىشكە قولايلىق. سۇ بوياقنى تەڭشىگەندە جاھازغا ئېھتىياجلىق بولغان رەڭگە قاراپ رەڭ تاللاش بىلەن بىرگە، تاللاپ ئىشلىتىلىدىغان رەڭ ئۈستىگە قىزىق سۇ قۇيۇپ دۇملەپ بىر كۈن ئەتراپىدا ئېرىتكەندىن كېيىن قويۇقلۇق دەرىجىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ئاندىن ئىشلىتىش لازىم. ئادەتتە 1 كىلوگىرام سۇغا 40 گىرام ئەتراپىدا سۇ بوياق پاراشوكى سېلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئادەتتە يېپىشتۇرغۇچى سېرىق پاراشوك (خۇاڭنافېن) بىلەن يېپىشتۇرغۇچى قارا پاراشوك (خېينافېن) كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ بوياقلارنى ئېرىتكەندە قارامتۇل قىزىل رەڭگە كىرىدۇ. بۇ خىل بوياقلارنى ئايرىم-ئايرىم ياكى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە قوشۇپ تەڭشەپ ئىشلىتىش كېرەك.

تەڭشەش نىسبىتى 1:4، 1:3 ياكى 1:4 ، 1:3 بويىچە بولسا بولىدۇ.

بۇ خىل تەڭشەلگەن بوياقلار ئاساسەن بېغىر رەڭگە تەۋە بولۇپ، يا-

غاچ ئۆي جاھازلىرىنى ئىنتايىن كۆركەم قىلىپ ئەستەرلەيدۇ. بوياقنى بەرگەندە تەكشى بېرىش، ئالتاغىل قىلىپ قويماسلىق كېرەك. بۇ خىل سۇ بوياق بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا سىر ماتېرىيالىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

سۇ بوياقنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى

ئارتۇقچىلىقى: تەننەرخى ئەرزان، ئىشلىتىشكە ئەپلىك، قۇرۇشى تېز، رەڭگى ئاسان ئۆڭمەيدۇ. نۇرغا چىداملىق، باشقا كىسلاتالىق رەڭلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا سۈپىتىگە تەسىر يەتمەيدۇ.

يېتەرسىزلىكى: ياغاچلارنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۆشۈك ۋە قىرلارنىڭ ئەتراپىدا تۆشۈكچىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. جاھاز يۈزى بەزىدە كۆپۈۋېلىپ تەكشى چىقماي قالىدۇ. شۇڭا، رەڭ بېرىپ، جاھاز يۈزى قۇرۇغاندىن كېيىن بىر قېتىم تەكشۈرۈۋېتىپ، بۇزۇلغان يەرلەر بولسا ئوڭشاپ، ئاندىن سىرلاش كېرەك. جاھازغا بېرىلگەن بوياقنى تېز قۇرۇتۇشقا توغرا كەلسە، سۇ بوياققا ئازراق يېلىم سۇيى تېمىتىۋېتىپ بوياق بەرسە بولىدۇ.

**2. ئۆي جاھازلىرى بوياقلىرى**

بۇ خىل بوياقلارنىڭ تەركىبىدە ئارىلاشما ئېرىتمىلەر بولۇپ، ئىسپىرت، ئېتىل، گىلىكول قاتارلىقلارغا كاپىچۇن، ئېتىلىن رادىكالى قاتارلىق ماتېرىياللارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان. ئۇنىڭ ماگنىتلىق ئېلىپمايلار بىلەن تەڭشەلگەنلىرى ئۆي جاھازلىرى سىرلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بازارلاردا بۇ خىل بوياقلارنىڭ قىزىل رەڭ، قىزغۇچ رەڭ، سېرىق رەڭ، جىگەر رەڭ، توق جىگەر رەڭ، قارا رەڭ، سۆسۈن رەڭ قاتارلىق ئىش قوشۇلمىغانلىرى سېتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قويۇقلۇقىنى بىر تۇتاش ئۆلچەم بىلەن تەڭشەپ ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن سۇيۇلدۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ خىل بوياقنى بەرگەندە نېپىز، تەكشى بېرىش، ئىككى - ئۈچ مىنۇت تۇرغۇزۇپ قۇرغاندىن كېيىن يەنە بېرىش كېرەك.

بۇ خىل بوياقنىڭ ئارتۇقچىلىقى: يېپىشقاقلىقى ياخشى، كۆپۈكلەشمەيدۇ. ماتېرىيالنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

يېتەرسىزلىكى: نۇرغا ۋە سۇغا چىدامچانلىقى ناچار كېلىدۇ.

**3. ئىسپىرتلىق بوياق**

بۇ خىل بوياق ئادەتتە ئىسپىرتلىق رەڭ ماتېرىياللىرى بىلەن قوشۇلۇپ پۈركۈپ سىرلاش، پارقىرىتىش ياكى پارقىراق سىر پەردىسى ھاسىل قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل بوياق بازاردا كەمگىرى سېتىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تاش رەڭ دەپمۇ ئاتايدۇ. تاش رەڭنى ئىسپىرت ياكى ئېرىتىلگەن شىلاككا قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

بۇ خىل بوياقنىڭ ئارتۇقچىلىقى: رەڭگى روشەن، ياغاچ تۆشۈكچىلىرىنى پەيدا قىلمايدۇ. ياغاچنىڭ كۆپۈۋېلىشىنى ئازايتىدۇ. جاھاز رەڭگىنىڭ سۈزۈكلۈكىنى ياخشى چىقىرىدۇ.

يېتەرسىزلىكى: رەڭ داغلىرىنى ياپالمايدۇ. كۈن نۇرىدا ئاسان ئۆڭۈپ كېتىدۇ.

**4. ماي بوياق**

ماي بوياق ئادەتتە ئورگانىك ۋە ئانئورگانىك ئېرىتمە بوياق دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بازاردا سۇيۇق ھالەتتە سېتىلىدۇ. ئەمما تەركىبىدە سۇ بولمايدۇ. ماي ئېرىتمىلىك رەڭلەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ خىل بوياقنىڭ ئارتۇقچىلىقى تەننەرخى ئەرزان، چوتكا بىلەن بەرگەندە ياغاچ تۆشۈكچىلىرىنى ھاسىل قىلمايدۇ.

يېتەرسىزلىكى: قۇرۇشى ئاستا، بوياپ بولغاندىن كېيىن سېرىق مايغا ئوخشايدىغان پارلانمايدىغان دانچىلار قالىدۇ.

**5. ئۆز رەڭگى بوياق**

ئۆي جاھازلىرى بوياقلىرىغا شىلاك، پارقىراق سىر ۋە ئېلىپماي قاتارلىق بىرىكمە ماتېرىياللار قوشۇلسا ئۆز رەڭگى بوياق ياكى سىر پەردە ئاستىدىكى ئەسلىي رەڭنى تەڭشەپ چىقىشقا بولىدۇ. بۇ خىل بىرىكمە تەركىبىدە رەڭ ماتېرىياللىرى بولمىغاچقا، سىر پەردە ئاستىنىڭ ئۆز رەڭگىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ھاسىل قىلىنغان سىر پەردىسى ناھايىتى نېپىز بولۇپ، قېلىنلىقىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. بۇ خىل بوياقنى ياغاچلارنىڭ سىزىقلىرىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە

ئىشلىتىپلا قالماستىن بەلكى كۆپ تۆشۈكلۈك، يۇمشاق ياغاچلاردىن ئىشلەنگەن ئۆي جاھازلىرىنىڭ ياغاچ داغلىرىنى يېپىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**6. ئوكسىگېنلىق ماي بوياق**

ئوكسىگېنلىق ماي بوياقمۇ ئېرىيدىغان مايلىق ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن. ئۇ ماي بوياقتىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل بوياق ئاسپالىق مېيى، قورۇق ماي قاتارلىقلارنى بىرىكمە ماتېرىيال قىلغاندا تەڭشەپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**7. پارقىراتقۇچى دورا بوياق**

بۇ خىل بوياق كىسلاتالىق رەڭ ماتېرىياللىرىغا ۋە نۇرغا چىداملىق ئىسپىرتلىق ماتېرىياللار سىستېمىسىدىكى يېپىشىش كۈچى كۈچلۈك بولغان رەڭ ماتېرىياللارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**8. سۇرتمە رەڭ بوياق**

سۇرۇتمە رەڭ بوياق قۇرۇق مايىنىڭ رەڭلىك ماتېرىيالى بولۇپ، ئوكسىگېن، ئېلىپماي ياكى دەرەخ يېلىمىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىلغان بىر خىل رەڭ ماتېرىيالىدىن ئىبارەت. ئۇنى ياغاچ يۈزىگە بىۋاسىتە سۈركەشكە ياكى پۈركۈپ بېرىشكە بولىدۇ.

بۇ خىل بوياق ئادەتتە كەھرىۋا رەڭلىك، سېرىق رەڭلىك، بېغىر رەڭلىك، قىزىل رەڭلىك قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە رەڭلەردە بولۇپ، ساپ بولغانلىرىنىڭ نۇرغا چىدامچانلىقى كۈچلۈك، ئەگەر ئۇنىڭغا مۇۋاپىق سۇيۇقلاندۇرغۇچى ماتېرىيال ياكى پارلاندۇرغۇچى ماي قاتارلىق مىنېرال ئانئورگانىك ماتېرىياللار قوشۇلسا، ياغاچ جاھازلارنىڭ رەڭگىنى تېخىمۇ كۆركەم قىلغىلى بولىدۇ.

**9. سۇزۇك رەڭ بوياق**

بۇ خىل بوياق ئالاھىدە رەڭلىك ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان رەڭ ماتېرىيالى بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى تۇرلۇك رەڭ دانچىلىرى تولۇق تارقىلالايدۇ. ھەر خىل ياغاچلارنىڭ ئوخشاشمىغان يۈزلىرىگە ئوخشاشلا سىڭىپ كىرەلەيدۇ. ياغاچ سىزىقچىلىرىنى روشەن ئەكس

ئەتتۇرەلەيدۇ. ئۆي جاھازلىرىنىڭ رەڭگىنى تەكشى ھەم كۆركەم زىنەتلىيەلەيدۇ. بۇ خىل بوياقنىڭ يەنە بىر پايدىلىق يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا ئاق پارقىراق تەڭشىگۈچى ماتېرىياللار ياكى باشقا پارقىراق رەڭلەر ئارىلاشتۇرۇلسا سۈزۈك بولماسلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ خىل بوياقنى ئۆي جاھازلىرى سىرلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا سىرنى تېخىمۇ پارقىراق، سىلىق قىلغىلى بولىدۇ. بۇخىل بوياققا ياڭاق، قارىغاي، كاۋچوك، ئاكاتسىيە، ئۈجمە ياغاچلىرىغا بەرگەندە ياغاچنىڭ سىزىقلىرىنى تېخىمۇ ئېنىق چىقارغىلى بولىدۇ.

**10. سىر پەردە بوياق**

بۇ خىل پارقىراق سىر، سىنتېتىك دەرەخ يېلىمىنىڭ رەڭ ماتېرىياللىرىدىن تەركىب تاپقان، سۈزۈك بولمىغان سىر پەردە بويىقى بولۇپ، پارلىنىشچانلىقى كۈچلۈك بولمىغان رەڭلىك جىسىملارنىڭ مۇۋاپىق ماتېرىيالىدۇر.

## 9 §. بوياقلار بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى بوياش ئۇسۇللىرى

**1. سۇ بوياق بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى سىرلاش جەريانى**

بىرىنچى خىل ئۇسۇل

1) زاماسكا بېرىش (مەلۇم مىقداردىكى ئاق زاماسكا پاراشوكى ياكى گەجگە قىزىل توپا ئېرىتىلگەن تۇرخۇن قۇرۇمىنى قوشۇپ تەڭشەپ تەييارلانغان زاماسكا)؛ 2) دوغاپ بېرىش ( مەلۇم مىقداردىكى ئاق زاماسكا پاراشوكى گەجگە قىزىل توپا، ئاز مىقداردا قارا سىياھ قوشۇپ سۇ قۇيۇپ ئۇماچتەك قىلىپ تەييارلانغان دوغاپنى ئۆي جاھازسى يۈزىگە بېرىپ، ئاندىن لاپاتكا بىلەن پاكىز قىرىپ چىقىرىۋېتىش)؛ 3) شىلاك بېرىش (دوغاپ زاماسكا قۇرۇغاندىن كېيىن ئېرىتىلگەن شىلاكنى جاھاز يۈزىگە تەكشى ۋە يېتەرلىك ھالدا بىر قېتىم بېرىش)؛ 4) رەڭ بېرىش؛ 5) يەنە بىر قېتىم شىلاك بېرىش؛ 6) ياماش ( ئالتاغىل چىقىپ قالغان يەرلىرى بولسا ئوڭشاش)؛ 7) پارقىراتقۇچى سىر

بېرىش.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل

1) دەسلەپكى رەڭنى بېرىش؛ 2) شىلاك بېرىش؛ 3) زاماسكا بېرىش، ( زاماسكا قۇرۇغاندىن كېيىن 0 نومۇرلۇق يۇمشاق قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈش)؛ 4) يەنە شىلاك بېرىش( يەنە يۇمشاق قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈش)؛ 5) پارقىراتقۇچى سىر بېرىش.

ئۈچىنچى خىل ئۇسۇل

1) دەسلەپكى رەڭنى بېرىش ( جاھاز يۈزىگە تەگمەشلىگەن سۇ بوياق پاراشوكىنى تەكشى ۋە يېتەرلىك بېرىش)؛ 2) شىلاك بېرىش؛ 3) ماي دوغاپ بېرىش (مەلۇم مىقداردىكى ئاق زاماسكا پاراشوكى ياكى گەجگە ئىسپىرتتا ئېرىتىلگەن تۇرخۇن قۇرۇمى، قىزىل توپا قاتارلىقلارنى قوشۇپ، كىرسىن ياكى سەلەركە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان مايلىق دوغاپ)؛ 4) يەنە شىلاك بېرىش؛ 5) تازىلاش (كونىرىغان 0 نومۇرلۇق قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈپ سىلىقلاش)؛ 6) پاقىراتقۇچى سىر بېرىش.

بۇ خىل ئۇسۇل ئالىي دەرىجىلىك ئۆي جاھازلارنى تەقلىد قىلىپ سىرلاشتا، ياغاچ تالالىرىنى خۇددى ئەتلەس يوللىرىغا ئوخشاش ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆركەم زىننەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**2. ئۆز رەڭگى بوياق بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى سىرلاش جەريانى**

بىرىنچى خىل ئۇسۇل

1) زاماسكا بېرىش؛ 2) دوغاپ بېرىش؛ 3) قۇم قەغەز سۈرۈش؛ 4) ئېلپىماي (لاك) بېرىپ پاقىرىتىش؛ 5) سىر بېرىش .

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل

1) زاماسكا بېرىش؛ (زاماسكا پاراشوكىغا سېرىق رەڭ ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن)؛ 2) دوغاپ بېرىش؛ 3) لاك بېرىپ پارقىرىتىش؛ 4) سىر بېرىش.

**3. رەڭ بوياق بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى سىرلاش جەريانى**

بىرىنچى خىل ئۇسۇل

1) زاماسكا بېرىش؛ (زاماسكىنىڭ رەڭگىنى ئېھتىياجغا ئاساسەن

تەكشەپ بېرىش)؛ 2) دوغاپ بېرىش؛ 3) قۇم قەغەز سۈركۈش؛ 4) پارقىراتقۇچى سىر بېرىش.

ئىككىنچى خىل ئۇسۇل

1) دوغاپ بېرىش؛ 2) شىلاك بېرىش؛ 3) زاماسكا بېرىش؛ 4) يەنە شىلاك بېرىش؛ 5) پارقىراتقۇچى سىر بېرىش.

**4. رەڭلىك تەكشەلگەن سىرلارنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى**

ھازىر سىرلار زاۋۇتتىن تەكشەلگەن ھالدا ئىشلەپ چىقىرىلماقتا. بۇ خىل تەكشەلگەن سىرنى خالىغان ۋاقىتتا سىر تۈگىنىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئىش قوشۇشمۇ ھاجەتسىز. شۇنداق بولسىمۇ زاۋۇتتىن چىققان سىرلارنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن تۈگىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتىن بۇرۇن تۈگىنى كۆچەپ تەۋرىتىش، ئاندىن تۈگىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سىرنى قوچۇپ، سىر ماتېرىياللىرى بىلەن رەڭ ماتېرىياللىرىنى ئارىلاشتۇرۇش لازىم. قوچۇپ ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، سىر قوۋزاقلىرى، رەڭ دانچىلىرى بارلىقى سېزىلسە، ئىككى - ئۈچ قەۋەت داكا بىلەن سۈزۈپ ئاندىن ئىشلىتىش كېرەك.

رەڭلىك تەكشەلگەن سىرلارنى بىر - بىرىگە قوشۇش ئارقىلىق يېڭى رەڭلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. رەڭلىك تەكشەلگەن سىرلارغا سۇيۇقلاندۇرغۇچى قوشۇپ سۇيۇقلاندۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بەزى ئالاھىدە سىرلارغا سۇيۇقلاندۇرغۇچى قوشۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئادەتتىكى رەڭلىك تەكشەلگەن سىرلارغا ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە قۇرۇتقۇچى قوشۇلىدۇ. قىش پەسىللىرىدە سىرنىڭ قۇرۇش ۋاقتى ئۇزاق بولغاچقا، قۇرۇتقۇچىنى 2 ~ 5 پىرسەنت ئاشۇرۇپ قوشۇپ ئىشلىتىش لازىم.

سىرتتا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ جاھازلارنىڭ رەڭ ماتېرىياللىرىغا بولغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا، كۈن نۇرى ۋە باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سىرلارنى تاللاپ

ئىشلىتىش لازىم. ئۆي ئىچىدىكى ياغاچ جاھازلارغا ئىشلىتىلىدىغان سىرلارغا بولغان تەلەپ تۆۋەنرەك بولغاچقا، ئادەتتىكى سىرلارنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

**5. ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى سىرلاش ئۇسۇللىرى**

1) تازىلاش — ئىشىك ـ دېرىزىلەرنىڭ سىرتىنى بۇلغايدىغان ھەر خىل يېلىم، سېمونت يۇقى، لاي، كىر، چاڭ ـ توزانلارنى لاپاتكا بىلەن ياكى پىچاق بىلەن قىرىپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈپ تازىلاش لازىم.

2) زاماسكا بېرىپ ياماش — ئارىلاش رەڭلىك زاماسكا بىلەن ئىشىك ـ دېرىزىلەردىكى كەمتۈك جايلارنى ياماپ تەكشىلەش لازىم.

3) سىلىقلاش — پىچاق ياكى لاپاتكا ئارقىلىق ياغاچ يۈزىگە تانىن، دېۋىرقاي، تېرە يېلىمى، سۆڭەك يېلىمى يۇقى ھەمدە زاماسكا قاتارلىقلارنىڭ خالىغان بىرىنى سۈرۈپ سىلىقلاش لازىم.

4) ئەستەر سىر بېرىش — تەڭشەلگەن سۇيۇق سىرنى بىر قەۋەت بېرىش لازىم.

5) ئەستەر سىر قۇرۇغاندىن كېيىن 0 نومۇرلۇق قۇم قەغەز بىلەن يەڭگىل سۈرۈپ يەنە بىر قېتىم سىلىقلاش لازىم.

6) سىرلاش — زاۋۇتتا تەڭشەلگەن سىر ياكى ئۆزى سىرلاش تەلىپىگە ئاساسەن تەڭشىگەن سىرنى تەكشى بېرىش لازىم.

**6. يېڭىدىن سىرلاپ رېمونت قىلىش ياكى ئۆزگەرتىپ سىرلاش ئۇسۇللىرى**

ئۆي جاھازلىرىنى يېڭىۋاشتىن سىرلاپ رېمونت قىلىش ياكى كونا سىرلارنى ئۆزگەرتىپ سىرلاش جەريانى مۇنداق بولىدۇ:

1) ئەسلىدە يېڭى بولسىمۇ لېكىن ئەينى ۋاقىتتا سىرلىماي ئېلىنىۋېتىلگەن جاھازلارنىڭ يۈزىنى بىر قېتىم سىلىق رەندىلىۋېتىپ ئاندىن سىرلاش لازىم ياكى يۇيۇپ تازىلاپ، قايتا زاماسكىلاپ، قۇم قەغەز سۈرتۈپ ئاندىن سىرلاش لازىم.

2) ئۆي جاھازلىرىغا ئەينى ۋاقىتتا ئەستەر سىر بېرىلگەن بولسا ئۇ

سىرنى قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈپ تازىلاپ، زاماسكىلاپ شىلاك بېرىپ يەنە سۈرتۈپ رەڭلىك ئەستەر سىر بېرىپ يەنە سىلىقلاپ ئاندىن سىرلاش لازىم.

3) ئەسلىدە سىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىش ئارقىلىق سىر پەردىسى تۆكۈلۈپ كەتكەن ياكى پۈتۈن يۈزىنىڭ سىرلىرى بۇزۇلغان جاھازلارنى قايتا سىرلىغاندا جاھاز يۈزىنى قايتا رەندىلەش، پۈت - چېتىقلاردىكى سىرلارنىمۇ سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ زاماسكىلاپ بوياق بېرىپ، ئاندىن سىرلاش لازىم.

4) ئىلگىرى سىرلانغان ياكى يېڭىدىن سىرلاش جەريانىدا سىر كۆكۈلدىكىدەك چىقماي قالغان جاھازلارنى ئۆزگەرتىپ سىرلاشتا جاھازنىڭ كونا سىرنى 0 ياكى 1 - نومۇرلۇق قۇم قەغەز بىلەن سۈرتۈپ چىقىرىۋېتىپ، قايتا زاماسكىلاپ، رەڭ بېرىپ، سىلىقلاپ ئاندىن سىر بېرىش لازىم.

## § 10 . ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك ھەللەرنى بېرىش ئۇسۇللىرى

**1. ئالتۇن رەڭلىك ھەل ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى**

ئالتۇن رەڭلىك ھەل — مىس پاراشوكىدىن ياسالغان ماتېرىيال بولۇپ، ھەر خىل ياغاچ جاھازلارنى سىرلاپ زىننەتلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ. ئالتۇن رەڭلىك ھەل بازاردا سېتىلىدۇ. بازاردا سېتىلىدىغان ئالتۇن رەڭلىك ھەلنىڭ ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىرىنى سىر بىلەن ئارىلاشتۇرغاندا، ئۇنىڭدا خىمىيەلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ ئالتۇن رەڭلىك ھەلنىڭ رەڭگى قارىدىۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى ئالتۇن رەڭلىك ھەلنى سۈزۈك سىر بىلەن تەڭشىگەندە قارىدىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

جاھازلارغا ئالتۇن رەڭلىك ھەل بېرىلگەندىن كېيىنمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەل يەنىلا ئوكسىدلىنىپ قارىيىۋالىدۇ. بۇ چاغدا پەقەت پارقىراتقۇچى سىرلار بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ.

### 2. ئالتۇن رەڭلىك ھەلنى تەڭشەش ئۇسۇلى

پاراشوك ھالەتتىكى ئالتۇن رەڭلىك ھەلگە ئابدىمىلىك يېغى ئارىلاشتۇرۇپ، بوتقا ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەلۇم مىقداردا يېلىمسىمان ئېلىپماي قوشۇپ، قوچۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ھەلنى دوغاپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ، قويۇق - سۇيۇقلۇقنى تەڭشەش لازىم. قويۇق - سۇيۇقلۇقنى تەڭشەشتە ئۇڭ قولنىڭ باش بارمىقىغا يۇقتۇرۇۋالغان بىر تامچە ھەلنى ئىككىنچى بىر بارماققا چاپلاشتۇرۇپ كۆرگەندە يېپىشىش كۈچى مۇۋاپىق بولسا يەنە قول بىر - بىرىگە چاپلاشسا ئىشلىتىش لازىم. يېپىشىش كۈچى ياخشى بولمىسا قايتا تەڭشەپ ئىشلىتىش لازىم.

### 3. ئالتۇن رەڭلىك ھەل بىلەن سىرلاپ زىننەتلەش ئۇسۇلى

ئاممونىي رادىكاللىق ئېلىپماي بىلەن ئالتۇن رەڭلىك ھەلنى تەڭشىگەندە لاكنى ئاممونىي رادىكاللىق سۇيۇقلاندۇرغۇچى بىلەن سۇيۇقلاندۇرۇپ، جاھاز يۈزىگە ئەستەر ئورنىدا بىر - ئىككى قېتىم تەكشى بېرىش، ئاندىن ئۈستىگە تەڭشەلگەن ھەلنى بىر - ئىككى قېتىم تەكشى، نېپىز بېرىش لازىم. قېلىن بېرىلسە رەڭگى ئوچۇق بولمايدۇ.

بېرىلگەن ھەل قۇرۇغاندىن كېيىن بىر - ئىككى قېتىم ئېلىپماي بېرىش لازىم. ئېتىلېن كىسلاتالىق ئېلىپماينىڭ پارقىراقلىقى، چىدامچانلىقى نىسبەتەن ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن رەڭلىك ھەلنى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈپ بېرىشكىمۇ، چوتكا بىلەن بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

قۇرۇغان ھەل ئۈستىگە يۇمشاق چوتكا بىلەن بىر قەۋەت شىلاك بېرىلسە ھەل قىزغۇچ ئالتۇن رەڭگە كىرىدۇ. ئۇ قۇرۇغاندىن كېيىن لاك يەنە مايلىق ئېلىپماينى ئۈستىدىن بېرىپ پارقىرىتىشقا بولىدۇ.

### 4. ھۆل سىر ئۈستىدىن قۇرۇق ھەل پاراشوكى بېرىپ سىرلاش ئۇسۇلى

سىرلاپ زىننەتلەنگەن يەڭگىل، چاققان جاھازلارنى ياكى ئويما بۇيۇملارنىڭ يۈزىنى سىرلاپ ۋە بىر - ئىككى قېتىم شىلاك بېرىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئېتىلېن كىسلاتالىق ئېلىپماينى تەكشى بېرىپ، ئۇنى قۇرۇتماستىنلا يۇمشاق چوتكا بىلەن قۇرۇق ھەل پاراشوكىنى بۇيۇم يۈزىگە يېپىشتۇرۇپ، ئارتۇقچە يېپىشىپ قالغان ھەلنى چوتكا بىلەن

يەڭگىل سۇرۇپ چىقىرىۋېتىش لازىم. ئېلىپماي قۇرۇپ ھەل تولۇق يې-
پىشىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىلىپ كىسلاتالىق ئېلىپماي ياكى ئېستېر يې-
لىملىق ئېلىپماينى بىر ـ ئىككى قېتىم بەرگەندە پارقىرايدۇ.

**5. كېپەكسىمان ھەلنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى**

ھەر خىل ئويما نەقىش ۋە ئويما بۇيۇملارنى كېپەكسىمان ھەل بېرىپ زىننەتلەشكە توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى سىرلاپ قۇرۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەل بېرىشكە تېگىشلىك يەرلىرىگە بىر قېتىم يېلىمسىمان ئېلىپ-ماي بېرىپ، ئۇ قۇرۇماستىنلا كېپەكسىمان ھەلنى ئالقانغا ئېلىپ پۈۋلەپ يېپىشتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ. لېكىن تەكشى يېپىشتۇرۇشقا دىققەت قى-لىش لازىم.

كۈمۈش رەڭلىك ھەلنى بېرىش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ.

## 11 § . ئەستەر سىر ۋە پارقىراتقۇچى سىر بېرىش ئۇسۇللىرى

1. ياغاچ يۈزى تەكشى، سىلىق بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن ئەس-تەر سىر بېرىلىدۇ.

بۇنىڭدا مايلىق تەڭشەلگەن ئاق سىرغا ئازراق تەڭشەلگەن سېرىق سىرنى قوشقاندا كېلىپ چىققان قايماق رەڭلىك سىرنى ئەستەر سىر ئورنىدا بىر ـئىككى قېتىم بېرىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن 1 ـ نومۇرلۇق قۇم قەغەز بىلەن تەكشى سىلىقلاپ، چاڭ ـ توزانلار تازىلىنىدۇ. ئاندىن بوياقلارنىڭ توق سېرىق ياكى باشقا خىللىرىدىن تاللاپ ئارىلاشتۇرۇپ مۇۋاپىق ھالدا يېلىم سۈيى قوشۇپ تەڭشەپ ياغاچ سىزىقچىلىرىنى چى-قىرىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئېستېر يېلىملىق ئېلىپماي قاتارلىق ئوك-سىد تەسىرى بولمىغان ئېلىپمايلار بىلەن پارقىرىتىش لازىم.

2. ئاق ۋە سېرىق رەڭلىك ئېتىلىپ كىسلاتالىق ماگنىتلىق سىرلارنى ئۆزئارا قوشۇپ ئۈستىگە توق قىزىل رەڭلىك ئېتىلىپ كىسلاتالىق ماگ-نىتلىق سىردىن ئازراق قوشۇپ، توق سېرىق رەڭگە تەڭشەپ ئەستەر سىر ئورنىدا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ياغاچ سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ

قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۈستىدىن ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش لازىم.

3. ئامىۇنىي رادىكاللىق ماگنىتلىق سىرنىڭ ئاق ۋە سېرىق رەڭلىرىنى ئۆزئارا قوشۇپ ئۈستىگە توق قىزىل رەڭلىك سىردىن ئازراق ئارىلاشتۇرۇپ توق سېرىق رەڭگە تەڭشەپ ئەستەر سىر قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. قايناق سۇدا ئېرىتىلگەن يېپىشتۇرغۇچى قارا ۋە سېرىق پاراشوكلار بىلەن ياغاچ سىزىقچىلىرىنى سىزىپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، بىر قېتىم شىلاك بېرىپ ئاموىنىي رادىكاللىق ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش لازىم.

4. توق قىزىل رەڭ ياكى چىلان رەڭ، خورما رەڭ تەڭشەپ بېرىلگەن ئەستەر سىرنىڭ ئۈستىگە ئاز مىقداردا قارا سىياھ قوشۇلغان توق قىزىل ئېلان بويىقى ئارقىلىق ياغاچ سىزىقچىلىرىنى سىزىپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن پىنۇل ئالدىگىدلىك ئېلىپماي بىلەن پارقىرىتىش لازىم.

5. ئاق تەڭشەلگەن سىرغا ئاز مىقداردا سېرىق تەڭشەلگەن سىرنى قوشۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك سىردىن ئازراق ئارىلاشتۇرغاندا گۆش رەڭلىك سىر كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنى ئەستەر سىر قىلىپ بېرىشكە بولىدۇ. سىر قۇرۇغاندىن كېيىن ئېرىتىلگەن خابافېن بىلەن ياغاچ سىزىقچىلىرى سىزىپ چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېلىمسىمان ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش لازىم.

6. ئاق تەڭشەلگەن سىرغا ئاز مىقداردا تەڭشەلگەن سىرنى قوشۇپ ياكى شىلاكقا ئاق رەڭ پاراشوكى قوشۇپ، كېلىپ چىققان قايماق رەڭ سىرنى ئەستەر سىر ئورنىدا بېرىپ، قۇرۇغاندىن كېيىن، ئېرىتىلگەن تۆمۈر سېرىق پاراشوكى ياكى سېرىق توپا رەڭ پاراشوكى بىلەن سىزىپ چىقىرىلغان ئاچ سېرىق ياكى توق سېرىق رەڭدىكى ياغاچ سىزىقچىلىرىنى قۇرۇتۇپ ئۈستىگە ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش لازىم.

## 12 § . ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىلىرىنى چىقىرىش ئۇسۇللىرى

ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىلىرىنى سىزىپ

چىقىرىش ئۈچۈن سىر چوتكىسى، ماي بوياق قەلەم، 6 ~ 10 تالغىچە يۇڭ قەلەمدىن تىزىپ ياسالغان يۇمشاق چوتكا، ياپىلاق رېزىنكە قەلەم، ھەرە چىشلىق رېزىنكە قاتارلىق سايمانلار كېتىدۇ.

ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىلىرىنى ياخشى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن، مەشغۇلات تەرتىپىنى پۇختا ئىگىلەشكە، ياغاچ سىزىقچىلىرىنىڭ جايلىشىش قانۇنىيىتىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ.

1. ياغاچ سىزىقچىلىرىنى سىزىپ چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلانغان رەڭ ئارىلاشمىسىنى جاھازىنىڭ بەلگىلەنگەن بىر قىسىم يۈزىگە نېپىزرەك بېرىپ، رەڭ قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن رېزىنكە چوتكا بىلەن سىزىقچىلارنىڭ ئاچ ۋە توق بولۇش ئالاھىدىلىكى بويىچە تاراق نۇسخىسىنى سىزىپ چىقىۋېلىپ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا باشقا ئورۇنلارغا رەڭ بېرىپ سىزىقچىلارنى سىزىپ چىقىش كېرەك.

2. يۇڭ قەلەم ئارقىلىق ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىسىنىڭ مەركىزىنى بەلگىلەپ سىزىۋېلىپ، رەڭ قۇرۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى 2، 5، 7، 8 سۈكۈلۈق قۇرۇق چوتكا بىلەن سىزىقچىلارنى بىر خىل يۆنىلىشتە سۈركەپ سىزىقچىلارنىڭ ئاچ-توق ئورۇنلىرى پەرقلەندۈرۈلىدۇ. سىزىق مەركىزىنى چوتكىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە داۋاملىق سىزىقچىلارنى سىزىپ چىقىرىپ، ئاندىن چوتكا بىلەن يەڭگىل سۈرۈپ، رەڭ بېرىلگەن - بېرىلمىگەن ئورۇنلار تۇتاشتۇرۇلۇپ ئاچ - توق سىزىقچىلار ئۇلاپ چىقىرىلىدۇ.

3. يۇڭ قەلەمدە ئالدى بىلەن ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىسىنى سىزىۋېلىپ، رەڭ قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن چوتكىنى ئۇدۇلغا ئازراق يەڭگىل سۈرۈپ يەلپۈۋېتىپ، ئارقىدىنلا ئارقىغا ياندۇرۇپ يەلپۈپ تاراقنىڭ ئۈچى تەرەپنى ئاچ، تۈۋى تەرەپنى توق چىقىرىپ، تەبىئىي ياغاچ سىزىقچىلىرى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپتىكى بوشلۇققا تولۇق، ئەمما نېپىزرەك رەڭ بېرىپ، چوتكا ياكى رېزىنكە ئارقىلىق ياغاچ سىزىقچىلىرىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە تۈز ۋە ئەگرى سىزىقلارنى سىزىپ سىزىقچە كۆزنەكلىرى چىقىرىلىدۇ.

## §13 . تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇللىرى

جاھاز يۈزىگە تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش سىرچىلىقتىكى مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

تاش سىزىقچىلىرى بىر خىلى ئاق، قارا، كۆل رەڭ قاتارلىق رەڭلەرنىڭ كېسىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنە بىر خىلى ئاچ يېشىل، توق يېشىل ۋە قېنىق يېشىل رەڭلەرنىڭ كېسىشىشىدىن ياكى ئاچ سېرىق، توق سېرىق، ۋە مېغىز رەڭلەرنىڭ كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان سىزىقچىلىرى ئۈستىگە يەنە مېغىز رەڭ، سېرىق رەڭ قوشۇلۇپ ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ كېسىشتۈرۈلۈپ ھاسىل قىلىنىدۇ. يەنە بىرى ئاچ كۆك، ئوتتۇراھال كۆكلەرگە كۆكۈچ رەڭ قوشۇلۇپ ھاسىل قىلىنغان سىزىقچىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى رەڭلىك تاش سىزىقچىلىرىدۇر.

تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىدىغان جاھاز ياكى بۇيۇملارنىڭ ئەستىرىگە تەكشى، سىلىق ئاق سىر بېرىپ، ئۈستىگە تاش سىزىقچىلىرى چىقىرىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تاشپاختا تاختاي، ئەينەك تاختاي، قەغەز، تۆمۈر تاختا، تام ـ ياغاچلارغا ھەممىدە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ھەتتا بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىشقا بولىدۇ.

تاش سىزىقچىلىرى ھەر خىل شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن، بۇلۇت، تام ۋە ياغاچ سىزىقچىلىرى شەكىلدە بولىدۇ. ئەگەر ھاسىل قىلىنغان سىزىقچىلار تەبىئىي شەكىللەنسە، ئوچۇق، كۆركەم، چوڭ سۈپەت بولۇشتەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار.

1. ئاق سىر بېرىلگەن جاھاز يۈزىنىڭ بىر قىسمىغا ئاق سىر قۇرۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى كۆل رەڭ سىرنى ئارىلىق قالدۇرۇپ بېرىشكىمۇ، بىر تەرىپىگە بېرىشكىمۇ بولىدۇ. سىر بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن چوتكا بىلەن سۈرتۈپ سىزىقچە چىقىرىپ كۆل رەڭ سىر بېرىلگەن چوتكىدا

يەڭگىل چوتكىلاپ بەرگەندە ئاق، قارا، كۆل رەڭ سىرلار كېسىشىپ ھەر خىل سىزىقچىلار شەكىللىنىدۇ.

2. جاھاز ياكى ھەر خىل بۇيۇملارنىڭ يۈزى چوڭ بولسا ئاق ۋە كۆل رەڭ سىرلارنى كېسىشتۈرۈپ سىرلاش كېرەك. يەنى بىر قىسىم ئورۇنغا ئاق سىر، يەنە بىر قىسىم ئورۇنغا كۆل رەڭ سىر بېرىپ ۋە ئۈستىگە ئازراق قارا سىر تېمىتىۋېتىپ، كۆل رەڭ سىر ئۈستىگە سىزىقچە چىقىرىپ، ئاندىن كېيىن پاكىز چوتكا بىلەن چوتكىلاپ سىزىقچە چىقىرىش لازىم. ئەگەر بۇ خىل سىزىقچىلار ئوچۇق چىقمىغاندا يەنە ئاق سىر، قارا سىر ۋە كۆل رەڭ سىرلارنىڭ ھەر قايسىسىدىن ئازراق تېمىتىپ داۋاملىق چوتكىلىسا بولىدۇ ياكى ماي بوياق قەلەم بىلەن سىزىقچىلارنى كېسىشتۈرۈپ سىزىقچە چىقارسا بولىدۇ. جاھاز ياكى بۇيۇملارنىڭ يۈزى كەڭ بولمىسا باشقا كۆل رەڭ سىرلارنى تەڭشىسىمۇ بولىدۇ، ياكى ئاق سىر ئۈستىگە قارا سىر تېمىتىپ سىزىقچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، چوتكىلاپ روشەنلەشتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ.

3. ئاز مىقداردا كۆك ياكى مايسىرەڭ سىر ئارىلاشتۇرۇلغان ئاق سىرنى جاھاز ياكى بۇيۇمنىڭ يۈزىگە بېرىپ، سىر پەردىسى بىر ئاز قېتىشقاندىن كېيىن جاھازنى دۈم قىلىپ شام ياكى كىرسىن چىراغنىڭ ئىسىدا ئىسلىغاندا سىر پەردىسى ئۈستىدە تەبىئىي قارا سىزىقلار شەكىللىنىدۇ. سىر پەردىسى تولۇق قۇرۇغاندىن كېيىن ئېلىپماي بېرىلسە، جاھاز يۈزى پارقىراپ، سۈپەتلىك بولغان تاش سىزىقچىلىرىنى چىقارغىلى بولىدۇ.

## § 14. رەڭدار مەر - مەر تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇللىرى

رەڭدار مەر - مەر تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇلى — سۇ ئۈستىدە لەيلىتىپ سىرلاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**1. كېتەرلىك ماتېرىياللار ۋە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەر**

ئېتىلېن كىسلاتالىق ياكى ئېستېر يېلىملىك ئېلىپماي، يېپىشقاقلىقى

مۇۋاپىق،سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى يەڭگىل رەڭ ماتېرىياللىرى بىلەن ھەر خىل رەڭلىك تەڭشەلگەن سىرلار، بېنزىن ۋە باشقا ئېرىتكۈچىلەر، ياغاچ ياكى تۆمۈردىن ئىشلەنگەن تاياقلار، چېلەك ياكى داس (چوڭ جاھازلار ئۈچۈن سۇ كۆلچىكى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ) پاكىز سىر قاچىسى، زاماسكا ماتېرىياللىرى ۋە زاماسكا بېرىشكە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار ، پۇركۇش مىلتىقى، سىر چوتكىسى، خام (ماتا)، لاتا ۋە داكا قاتارلىق نەرسىلەر كېتىدۇ.

**2. سىرلاشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار**

1) سىرلىنىدىغان جاھاز - بۇيۇملار مېتال ياكى ياغاچ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئاموني رادىكاللىق ماگنىتلىق ئاق سىر ياكى ئېتىلېن كىسلاتالىق ماگنىتلىق ئاق سىر ئەستەر ئورنىدا بېرىلىشى، رەڭگى تەكشى پاكىز بولۇشى لازىم. 2) سىرلىنىدىغان جاھاز - بۇيۇملار چاققان، يەڭگىل بولۇشى، چېلەك ياكى داسقا قاچىلانغان سۇ لىق بولۇشى، تېمپېراتۇرىسى 10 گىرادۇس ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. سۇ سوغۇق بولۇپ قالسا، ئىسسىق سۇ قوشۇپ تەڭشەش كېرەك.

3) ئۆرە جاھاز - بۇيۇملارنى سىرلىغاندا، قاچىلانغان سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى سىرلىنىدىغان بۇيۇمدىن ئېگىز بولۇشى لازىم. 4) ياغاچ جاھاز ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا بېرىلىدىغان سىرلارنىڭ سۇغا چىدامچانلىقى ياخشى بولۇشى، سۇغا چىلىغاندا باشقىچە تەسىرلەرنى پەيدا قىلماسلىقى لازىم. 5) ئاغزى يېڭى ئېچىلغان سىرلارغا سۇيۇقلاندۇرغۇچى كەتمىسىمۇ، تۇرۇپ قالغان سىرلارنى ئىشلىتىش توغرا كەلسە، بېنزىن قاتارلىق سۇيۇقلاندۇرغۇچى قوشۇش لازىم.

**3. ھەر خىل رەڭلىك سىرلارنى سۇغا تەڭشەپ تېمىتىش ئۇسۇلى**

1) قارا رەڭنى يالغۇز ئىشلەتمەي، بىر ئاز توق قىزىل رەڭلىك سىر قوشۇپ بىنەپشە قىزىلغا تەڭشەپ سۇغا تېمىتىش لازىم.

2) ئاز مىقداردىكى قارا سىر بىلەن ئوتتۇراھال يېشىل رەڭلىك سىرنى قوشۇپ، قارامتۇل يېشىل رەڭگە تەڭشەپ سۇغا تېمىتىش لازىم. 3) توق قىزىل رەڭلىك ۋە ئوتتۇراھال كۆك رەڭلىك سىرنى ئارىلاشتۇ-

رۇپ، بىر خىل رەڭگە تەگشەپ سۇغا تېمىتىش لازىم. 4) بىنەپشە قىزىل رەڭلىك سىر، قارامتۇل يېشىل رەڭلىك سىر ، ئوتتۇراھال كۆك رەڭلىك سىر، توق قىزىل رەڭلىك سىرلارنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرماي ئايرىم - ئايرىم ھالدا سۇغا تېمىتىش لازىم. 5) ئوتتۇراھال كۆك رەڭلىك سىر بىلەن توق قىزىل رەڭلىك سىرنى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، كېلىپ چىققان بېغىر رەڭلىك سىر، ئوتتۇراھال كۆك رەڭلىك سىر، توق قىزىل رەڭلىك قاتارلىق ئۈچ خىل سىرنى ئايرىم - ئايرىم تېمىتىش لازىم. 6) سېرىق رەڭلىك، ئوتتۇراھال كۆك رەڭلىك سىرنى، توق قىزىل رەڭلىك سىرلارنى يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئايرىم - ئايرىم سۇغا تېمىتىش لازىم.

يۇقىرىدىكى بىر نەچچە خىل ئۇسۇل بىلەن سۇغا تەگشەپ تېمىتىلغان رەڭ تۈرلىرىنىڭ ھەر بىرى جاھاز - بۇيۇملارنى ئايرىم - ئايرىم سىرلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. سىرلاشتا ھەر بىر سىرغا بىردىن قاچا، بىردىن قوچۇغۇچ ئىشلىتىش لازىم.

**4. سىرلاش جەريانى**

ئاز مىقداردا تەگشەلگەن بىر خىل ياكى ھەر خىل سىرلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئارقا - ئارقىدىن سۇغا تېمىتىپ سىر ئېرىتمىسى سۇنىڭ 50 ~ 70 پىرسەنتكىچە يۈزىگە تارقىلىپ بولغاندا، سىر پەردىسىنى ئېغىز بىلەن پۈۋلەپ، سىزىقچىلار تەبىئىي ھالدا شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر پۈۋلىگەندە كۆكۈلدىكىدەك شەكىللەر ھاسىل بولمىسا قوچۇغۇچنى سۇنىڭ تېگىدىش يۈزى كىچىكرەك بولغان ئورۇنغا تەگكۈزۈپ، يەڭگىل چۆرگىلەتكەندىمۇ سىزىقچىلارنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئاق رەڭلىك سىر بىلەن ئەستەرلەنگەن ۋە قۇرۇتۇلغان جاھاز - بۇيۇمنى سۇغا چىلاپ، سۇ يۈزىدىكى سىزىقچىلار شەكلىدە تارقىلىۋاتقان سىر پەردىسىنى جاھاز - بۇيۇمغا يۇقتۇرۇپ دەرھال سۇدىن چىقىرىۋېلىنىدۇ. بۇ جەرياندا جاھاز بۇيۇمنىڭ يۈزىگە ئارتۇق يۇقۇپ قالغان سىر پەردىلىرى قەغەز پارچىسىغا يۇقتۇرۇپ ئېلىۋېتىلىدۇ. سۇ يۈزىدىكى ئوشۇق سىر پەردىسى بىر تەرەپكە پۈۋلىۋېتىلىدۇ. ئەگەر چوڭ تىپتىكى

جاهازلارنى بۇ خىل ئۇسۇلدا سىرلاشقا توغرا كەلسە، كۆلچەككە سۇ قۇيۇپ سىرلاش كېرەك.

بۇ خىل سىرلاش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، قولنى بېنزىن بىلەن پاكىز يۇيۇپ - سۈرتۈپ، سىرلانغان جاھاز - بۇيۇملارنىڭ گىرۋەكلىرىنى بېنزىندا نەمدەلگەن داكا ياكى خامدا سۈرتۈپ تۈز سىزىقلىق ئاق گىرۋەك چىقىرىش لازىم. گىرۋەكلەرگە ئاق رەڭلىك نەقىش ئىشلەنسە تېخىمۇ كۆركەم بولىدۇ. سىرلانغان جاھازنىڭ يۈزىدىكى سىر پەردىسى تولۇق قۇرۇغاندىن كېيىن ئۈستىگە بىر قەۋەت ئېستىر يېلىملىق ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش كېرەك.

## § 15 . چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇلى

**1. چەكمىتاراق چىقىرىش ئۇسۇلى**

سىرلىنىدىغان جاھاز - بۇيۇملارنىڭ يۈزى چوڭ بولسا سىر بىلەن چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۇ خىل چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىش ئۇسۇلى ئاددىي بولۇپ، ئاق سىر بىلەن ئەستەرلەنگەن جاھاز - بۇيۇملارنىڭ يۈزى قۇرۇغاندىن كېيىن توق كۆك ياكى توق قىزىل تەڭشەلگەن سىر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نېپىز بېرىلىدۇ. ئاندىن پاختىنى يۇمۇرلۇق قىلىپ (سىر قۇرۇپ كېتىشتىن ئىلگىرى) جاھازنىڭ ئۈستىگە باسقاندا ئاستى ئاق، ئۈستى چەكمە گۈل، تاراق كېلىپ چىقىدۇ. بىنەپشە قىزىل، توق قىزىل ياكى باشقا رەڭلىك سىرلاردا چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىش ئۇسۇللىرىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ. تاراق چىقىرىلىپ سىر قۇرۇغاندىن كېيىن ئۈستىگە ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش لازىم.

**2. ئېلان بوياقلىرى بىلەن چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىش ئۇسۇلى**

سىرلىنىدىغان جاھاز - بۇيۇملارنىڭ يۈزى چوڭ بولۇپ، كېتىدىغان ماتېرىيال كۆپ بولسا ئېلان بوياقلىرى بىلەن چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىپ سىرلاشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدا جاھاز - بۇيۇملارنىڭ يۈزىگە ئاق رەڭلىك سىر بېرىپ قۇ-

رۇغاندىن كېيىن توق قىزىل (ئازراق قارا سىياھ تېمىتىپ) ياكى بىنەپ-شە قىزىل رەڭلىك ئېلان بويىقى بېرىپ، بوياقنى قۇرۇتمايلا لاتا ياكى قەغەز ئارقىلىق گۈل سىزىقچىلىرى چىقىرىلىدۇ. مەشغۇلات جەريانىدا قول ھەرىكىتى يەڭگىل، چاققان بولۇشى، گۈل ئارىلىقلىرى تەكشى، بىر خىل بولۇشى لازىم.

**3. ئېرىتىش ئارقىلىق داغ شەكىللىك چېكىت چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇلى**

ئاق رەڭلىك ئەستەر سىر بېرىلىپ قۇرۇتۇلغان جاھاز - بۇيۇملارنىڭ يۈزىگە بىنەپشە قىزىل رەڭلىك ياكى جىگەر رەڭلىك، سېرىق رەڭلىك بوياقلارنى بېرىپ، بوياقنى قۇرۇتمايلا چوتكا مويلىرىغا تەگكۈزۈلگەن بېنزىننى بوياق ئۈستىگە چېچىپ تېمىتىپ چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل بولغان داغ شەكىللىك چېكىتلەرنى چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا جاھاز بۇيۇملارنىڭ ھەممە يۈزىگە داغ شەكىللىك چېكىتلەرنى تەكشى چىقىرىش لازىم. قۇرۇغاندىن كېيىن ئېلىپماي بېرىپ پارقىرىتىش كېرەك.

## § 16 . ئەينەك كېسىش ۋە ئەينەك سېلىش ئۇسۇلى

**1. ئەينەك كېسىش**

ئەينەك كېسىش پىچىقى ئالماس دەپ ئاتىلىدۇ. ئالماس پىچىقىنىڭ ئۇچىغا ئەينەك كېسىش ئۈچۈن ئالماس ئورنىتىلىدۇ. پىچاق شۇ ئالماس بىلەن ئەينەكنى كېسىدۇ.

ئەينەك بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا، ھەر خىل ئۆي جاھازلىرىنىڭ كۆز-نەكلىرىگە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال بولۇپ، ئۇ نۇر ئۆتكۈزۈش، ھاۋا ئېقىمىنى توسۇش، ئىسسىق - سوغۇقنى ئۆتكۈزمەسلىكتەك نۇر-غۇن ئارتۇقچىلىققا ئىگە.

ئەينەك ئادەتتە سۈزۈك ئەينەك،تۇتۇق ئەينەك، كۆمۈش رەڭ ئەي-نەك قاتارلىق بىر قانچە خىل بولىدۇ. سۈزۈك ئەينەك كۆپ ئىشلىتىل-دۇ. ئەينەكنىڭ قېلىنلىقى ئادەتتە 3 مىللىمېتىر، 4 مىللىمېتىر، 5 مىللى-

مىتىر بولىدۇ. ئەينەكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

ئەينەك كېسىش مەخسۇس بىر ئۈستەل ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەينەك كېسىش ئۈستىلىنىڭ يۈزى 3 سانتىمېتىردىن قېلىن تاختايدىن سىلىق ۋە تۈز رەندە قىلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

ئەينەك كېسىشكە يەنە 100 سانتىمېتىرلىق ياكى ئۈنىڭدىن ئۇزۇن بولغان ياپىلاق ياغاچ سىزغۇچ، ئۇراملىق مىتىر، ئامبۇر، يېرىك بىلەي، كىرسىن، چوتكا قاتارلىق نەرسىلەر تەييارلىنىدۇ. ئەينەكنى كېسىش ئۈستىلىگە ئېلىپ، كېسىش ئۆلچىمىنى بېكىتكەندىن كېيىن، كېسىش نۇقتىلىرىغا بەلگە قىلىپ، شۇ نۇقتىغا ياغاچ سىزغۇچنى دەلمۇ دەل توغرىلاپ، ئاندىن سىزغۇچنى كەينىگە 2 مىللىمېتىر چېكىندۈرۈپ كېسىش ئورنىدىكى پاسكىنا نەرسىلەرنى چوتكىدا كىرسىن سۈركەپ تازىلىۋېتىپ، سول قولدا سىزغۇچنى بېسىپ تۇرۇپ، ئوڭ قولدا ئالماسنى تۇتۇپ، سىزغۇچقا تاقاپ تۇرۇپ تەكشى بېسىپ، ئىككى يانغا تەۋرەتمەي، ئالدىغا قارىتىپ بىرلا تارتىمىز. ئالماس ئەينەك يۈزىگە بىر سىزىقنى جىجىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئەينەكنىڭ كېسىلىپ بولغان قىسمىنى ئۈستەلنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ تۆۋەنگە تەڭ كۈچ بىلەن باسساق ئەينەك سۇنۇپ ئاجرايدۇ.



10. 9 ـ رەسىم. ئەينەك كېسىش ئۇسۇلى

**2. ئەينەك كېسىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار**

ئەينەك كەسكەندە ئالماسنى بىر ئورۇنغا پەقەت بىرلا قېتىم سىيلىش، يېرىم يولدا توختاپ قالماي بىراقلا يەنە بىر باشقا چىقىرىۋېتىش كېرەك. ئەگەر ئەينەك بىر قېتىم كەسكەندە سۇنمىسا ئالماسنى شۇ ئورۇن‍


غا قايتا سالماي ئەينەكنى ئۆرۈپ كەينىدىن كېسىش كېرەك.

ئەينەكنىڭ ئىسسىق - سوغۇقتا كېڭىيىش - تارىيىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەينەكنى ئەسلىي ئۆلچەمدىن كىچىكرەك كېسىش كېرەك. مەسىلەن: دېرىزە كۆزى 50 سانتىمېتىرلىق كەڭلىكتە بولسا سىزغۇچنى 49.5 ئارىلىققا قويۇپ كېسىش كېرەك.

بۇ چاغدا كېسىلگەن ئەينەكنىڭ ھەقىقىي كەڭلىكى ئالماس پىچىقىنىڭ يېنىنىڭ قېلىنلىقى بىلەن قوشۇلۇپ 49.7 چىقىدۇ. كېسىلگەن ئەينەكنىڭ ئەتراپى تەكشى بولماي قالسا ياكى ئەينەك ئۆلچەمدىن بىر نەچچە مىللىمېتىر چوڭ كېسىلىپ قالسا، ئۇنى ئەينەك كېسىش پىچىقىدا كېسىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا، ئامبۇردا ئاز - ئازدىن قىسىپ سۇندۇرۇپ كىچىكلىتىش لازىم. ئەينەك كەسكەندە يەنە كېسىلگەن ئەينەكنىڭ قىرلىرىنىڭ قولنى كېسىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەينەك قىرىغا قۇم بىلەي سۈرۈۋېتىش كېرەك.

**3. ئەينەك سېلىش ئۇسۇلى**

ئەينەك سېلىش — ئىشىك - دېرىزىلەر گىرەگە ئىلىنىپ تۇتقا، زەنجىرلىرى بېكىتىلىپ، سىرلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىش. تۇر. ئەينەك سالغاندا كېسىپ تەييارلانغان ئەينەكنى ئالدى بىلەن رامغا چۈشۈرىمىز. ئاندىن ئەينەكنىڭ چۆرىسىگە ھەر 15 ~20 سانتىمېتىر ئارىلىققا 1 ~ 1.5 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى مىخنى ئەينەككە نىقتاپ تۇرۇپ رامغا قاقىمىز. مىخنى قاققاندا بولقىنى ئەينەك يۈزىگە پاراللېل تۇتۇشىمىز كېرەك. مىخلاپ بولغاندىن كېيىن ئەينەك يۈزىنى بارماق بىلەن چېكىپ باقىمىز، جاراڭلىغان ئاۋاز چىقسا ئەينەك تەلەپكە لايىق سېلىنغان بولىدۇ. جىغ - جىغ ئاۋاز چىقسا ئەينەك تەلەپكە لايىق سېلىنمىغان بولىدۇ. ئەينەك سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن رام بىلەن ئەينەك ئارىسىدىكى يوچۇقلاردىن توپا - چاڭ، شامال كىرىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەينەك زاماسكىسى بېرىمىز.



10 . 10 ـ رەسىم. ئەينەك سېلىش ئۇسۇلى

## ئەمەلىي مەشىق

بۇ مەزمۇندا سىرچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلار، راماسكىلاشتىن بۇرۇنقى تەييارلىقلار، زاماسكا تەييارلاش ئۇسۇللىرى، زاماسكىلاش ئۇسۇللىرى، قۇم قەغەز سۇركەش ئۇسۇلى، كۆپ ئىشلىتىدىغان سىرلار، سىر تەڭشەش ئۇسۇللىرى، سىرلايدىغان ئۆي جاھازلىرىنى بويايدىغان بوياقلار، بوياقلار بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى بوياش ئۇسۇللىرى، ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك ھەللەرنى بېرىش ئۇسۇللىرى، ئەستەر سىر ۋە پارقىراتقۇچى سىر بېرىش ئۇسۇللىرى، ياغاچ سىزىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىلىرىنى چىقىرىش ئۇسۇللىرى، تاش سىزىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇللىرى، چەكمىگۈل، تاراق چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇلى، ئەينەك كېسىش ۋە ئەينەك سېلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ. بۇ مەزمۇنلار ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن

مۇھىم. شۇڭلاشقا، ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگۈچىلەر بۇ مەزمۇنلارنى چوقۇم ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆگىنىش جەريانىدا ئۆزى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

## ئىزدىنىش ۋە مۇھاكىمە سوئاللىرى

1. سىرچىلىقتا قانداق سايمانلار ئىشلىتىلىدۇ؟
2. زاماسكىلاشتىن بۇرۇن قانداق تەييارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىدۇ؟
3. زاماسكا تەييارلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىڭ؟
4. زاماسكىلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىڭ؟
5. قۇم قەغەزنى سۈركەش ئۇسۇلىنى بايان قىلىڭ؟
6. كۆپ ئىشلىتىدىغان سىرلار قايسىلار؟
7. سىر تەڭشەش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىڭ؟
8. سىرلايدىغان ئۆي جاھازلىرىنى بويايدىغان بوياقلار قايسىلار؟
9. بوياقلار بىلەن ئۆي جاھازلىرىنى بوياش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟
10. ئالتۇن - كۈمۈش رەڭلىك ھەللەرنى بېرىش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟
11. ئەستەر سىر ۋە پاقىراتقۇچى سىر بېرىش ئۇسۇلى قانداق؟
12. ياغاچ سىزنىقچىلىرىغا تەقلىد قىلىنغان تاراق نۇسخىلىرىنى چىقىرىش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىڭ؟
13. تاش سىزنىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىڭ؟
14. رەڭدار مەر - مەر تاش سىزنىقچىلىرىنى چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىڭ ؟
15. چەكمە گۈل، تاراق چىقىرىپ سىرلاش ئۇسۇلىنى بايان قىلىڭ؟
16. ئەينەك كېسىش ۋە ئەينەك سېلىش ئۇسۇلىنى بايان قىلىڭ؟

策　　划：伊布拉音·色满
组　　稿：阿布来提·居马土服热克
责任编辑：阿不来提·白克力
责任校对：古丽娜孜·买买提
封面设计：海米旦·赛达力木

**木工技术（2）**（维吾尔文）

吾不力阿西木·卡斯木卡衣那克　编著

---

新疆科学技术出版社出版发行
（乌鲁木齐市延安路255号　邮编：830049）
新疆新华书店经销　乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
880mm×1230mm　32开本　7.5印张
2012年3月第1版　2012年3月第1次印刷

---

ISBN978－7－5466－1364－2（民文）　定价：22.00元

مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: [illegible]







ISBN 978-7-5466-1364-2

9 787546 613642 >

定价：22.00元